# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

6
1994

- 40 يىللىق كاتتا مەرىكىنىڭ باش مىلودىيىسى - خەلققە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش
- جىن جيەن مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدە توختالدى
- ئېلۇنچۇن مىللىتى ۋە ئېلۇنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى
- ئۆزىمىزنى قەدىرلەيلى
- دېھقان يىغلايدۇ



ISSN 1002-9184

# UNITY OF NATIONALITIES

# ئىككىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى






بۇ يىل 9- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئىككىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى غەلىبىلىك ئېچىلدى. يىغىنغا جياڭ زېمىن، لى پېڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.



热烈祝贺全国第二次民族团结进步表彰大会胜利召开

一九九四年八月 布赫

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات،
گۈللىنىش ئىشلىرىغا يېڭى تۆھپە قوشايلى.
ئاپېي. ئاۋاڭجىنمېي

1994·7·

ئىككىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى- تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.
بۇخ

[illegible]

ئىسلاھاتنى قوزغىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ
ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق گۈللىنىدۇرەيلى

ئابلەت ئابدۇرىشىت
1994-يىل 8-ئىيۇل

Cunghvaz liglaiz dwg beixnuengx
中华自古皆兄弟
Minzcuz donzgez caen gya caen
民族团结亲上亲

Cwngz Gwzgez

مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈپ، دۆلەتنى ئاسايىشلىق، خەلقنى
بەخت- سائادەتلىك قىلىپ، جۇڭگونى قۇدرەت تاپقۇزايلى.
ئۇرىجى (ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)

ئەزەلدىن قېرىنداش بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى،
بىزنى تېخىمۇ ئىناق قىلدى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى.
چېڭ كېجى (گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)



★ بەش ئاپتونوم رايون رەئىسلىرىنىڭ بېغىشلىمىسى

ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرەيلى.
جياگسۇن لوبۇ (شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)

坚持平等互助团结合作，实现各民族共同繁荣。

白立忱

一九九〇·八

باراۋەرلىك، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرايلى.
بەي لىچېن (نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)



# مۇندەرىجە


**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت**

40 يىللىق كاتتا مەرىكىنىڭ باش مىلودىيىسى ـ خەلققە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش
............................ ئۆز مۇخبىرىمىز ئىدرىس بارات (6)

**مىللەتلەر مۇنبىرى**

جىن جيەن مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدە توختالدى................ (10)

**مىللەتلەر قانۇنچىلىقى**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا ... (13)
«ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ بارلىققا كېلىشى........................ (15)
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىگىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا..............
............................................ خەمىت نىغمەت (18)

**مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار**

ئېلۇنچۈن مىللىتى ۋە ئېلۇنچۈن ئاپتونوم خوشۇنى .................. (21)

**نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە**

ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئورتاق گۈللىنەيلى ...... روزى ئىبراھىم (26)
ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا كەسىپ ـ تېخنىكا مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ
ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ............. مۇھەممەت تۇرسۇن مەنسۇر (35)

**مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ**

ئۆزىمىزنى قەدىرلەيلى ......................... ئەختەم ئۆمەر (29)

**شەخسلەر**

ئەلنى سۆيگەننى ئەل سۆيەر ......................... (32)

**مىللەت خەزىنىسى**

ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىدىن بىر
قانچە مىسال ......................... غەيرەتجان ئوسمان (37)
ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ......................... مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (44)
يەكەندىكى تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار............... پەيزۇللا ئىساقجان (47)





دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا
چىقىدىغان سىياسىي،
ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال
(ئومۇمىي 37 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
ئىدرىس بارات
(تېلېفون: 234567)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئەكبەر ئېلى
(تېلېفون: 237021)

بۇ ساننىڭ نۆۋەتچى تەھرىرى:
خەمىت نىغمەت


**كېلەر ساندىكى مۇھىم ئەسەرلەر**

- 45 يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى
- ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى



# مۇندەرىجە


**مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت**

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ........................ مۇتەللىپ سىدىق (42)

**شەرەپ مۇنبىرىدە**

ژۇرنىلىمىزغا مۇشتىرى توپلاشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر ......... (30)

**تەرمىلەر**

دۇنيا ئالتۇن باھاسىنىڭ بېكىتىلىش ئۇسۇلى ........................ (50)

ئۇخلاش كىيىمى ........................................................ (50)

جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش بىلەن بولغان مۇساپىسى قانچىلىك؟...... (50)

ئاجايىپ توي مۇراسىمى.................................................. (51)

ئىلىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت سەۋىيىسى... (51)

مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ..................... (51)

**ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب**

مەن خېلى كۆپ بىلىم ئىگىلىگەن ئىدىم، بىراق قەلەم تەۋرىتىشىم تەھرىرلەر ئىشلەتمەيۋاتىدۇ، شۇڭا ئۆگەنگەنلىرىمنى سېتىۋېتەيمىكىن دەۋاتىمەن، سىزچە خېرىدار چىقارمۇ؟ قاتارلىق سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ........................ (52)

**كۈلكە خۇرۇچلىرى**

جۇڭگو ۋە چەت ئەل يۇمۇرلىرى ........................................ (54)

**گۈلدەستە**

نەسىرلەر ............................................................. (56)

دېھقان يىغلايدۇ (شېئىر) ........................ روزى سايىت (58)

**گۈزەل سەنئەت گۈلزارى**

مۇقاۋىدا: بايرام تەنتەنىسى ........................ چېڭ ۋېيدۇڭ فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 2- بېتىدە: سەممىي غەمخورلۇق ............. چېڭ ۋېيدۇڭ فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 3- بېتىدە: ئىككىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى........

ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: سىزما سۈرەت ئەسەرلەردىن تاللانما... جاۋجېشىڭ قاتارلىقلار سىزغان

ئوتتۇرا قارابەت 1-دە: تەمبۇر ........................ جىن جىيجۇڭ سىزغان

ئوتتۇرا قارا بەت 2- دە: ھۆسن خەت ئەسەرلەردىن تاللانما ........

مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: ئالتۇن كۈز ........................ باير فوتوسى


مىللەتلەر ئىتتىپاقى

民族团结

ۇلتتار ىنتىماعى

민족단결


«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشىر قىلدى

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22- قورۇ) پوچتا نومۇرى: 830000

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 25-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5- ۋە 10-ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 _ 58

خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:

BM 178U




● ئابلىكىم ئابلىمىت: زەئىپ تەن، چۈشكۈن روھ

● جاپپار قاسىم: مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ بولغاندا.....

● موڭغۇل مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى



# 40 يىللىق كاتتا مەرىكىنىڭ باش مىلودىيىسى ـ خەلققە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش

**ـ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى زىيارەت**

**ئۆز مۇخبىرىمىز ئىدرىس بارات**

1995 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق خاتىرە كۈنى. ئىلگىرىكى 10، 20، 30 يىللىق خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش، شەھەر قىياپىتىنى تۈزەش جەھەتتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىي بولغان ئۈرۈمچىدە ئابىدە خاراكتېرلىك زور ئىشلارنى قىلغانىدى، ئالايلۇق، ھازىرقى زامانىۋى كارخانا ـ نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى، داڭلىق كاتتا ئىمارەتلەردىن ھېيۋەتلىك خەلق سارىيى، كۈنلۈن مېھمانخانىسىنىڭ شىمالىي بىناسى، خەلق مەيدانىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت بىناسى، ئالىي مېھمانخانىنىڭ 10- كورپۇسى (كىشىلەر زۇڭتۇڭ بىناسى دەپمۇ ئاتىشىدۇ)، ئەسلىدىكى ئوتتۇرا كۆۋرۈك ئورنىدىكى ستېرېئولۇق كۆۋرۈك قاتارلىقلار 30 يىللىق كاتتا مەرىكىگە سوۋغات سۈپىتىدە پۈتكۈزۈلۈپ، چېگرا رايونغا جايلاشقان كۆرۈمسىز ئۈرۈمچىنى ھەيۋەت، زامانىۋى شەھەر تۈسىگە كىرگۈزگەنىدى. يەنە ئون يىل ئۆتتى، 40 يىللىق كاتتا مەرىكىگە يەنە قانداق سوۋغاتلارنىڭ تەييارلانغانلىقىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەردىن بەش خىل يېزىقتىكى ژۇرنىلىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوقۇرمەنلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇش مەقسىتىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى زىيارەت قىلدىم. مەن پۈتۈشكەن ۋاقىتتىن بىرىم سائەت ئىلگىرى رەئىس ئىشخانىسىغا يېتىپ باردىم. يولدا بارغىچە، تەسەۋۋۇرۇمدا، بۇ 4 ـ نۆۋەتلىك رەئىسنى ئىلگىرىكى ئۈچ نۆۋەتلىك رەئىسلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ

چىقتىم، مەن ئىلگىرىكى ئۈچ نۆۋەتلىك رەئىسلەر بىلەن كۆرۈشكەن، بىللە ئىشلىگەن، ئەمۇاللاشقان ئىدىم، ئۇلار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچەم ۋە تەسىراتىم بار ئىدى. ئۇلار ناملىق شەخسلەر ئىدى. بۇ يېڭى رەئىس بولسا، سىياسىي سەھنىدە كۆرۈنگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىدى، ئىلگىرى تونۇشمىغان بولساممۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن كۆرۈشۈشۈم تۇنجى قېتىم ئىدى. ھازىرقى جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەرنىڭ ھوقۇق - ئەمەلى تىرناقچىلىك ئۆسسە، ھالىنى تۆگە تارتالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ رەئىسىمىزگە قانچىلىك ھال كىرىپ، قانچىلىك كىبىر پەيدا بولدىكىن؟ دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن ئۆتتى. كۆڭگۈل ئېكرانىمدىن بۇ رەئىسكە ئائىت كۆرۈنۈشلەرنى ئىزدىمەكتە ئىدىم. ئىچكىرىكى ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشىكتە رەئىسنىڭ سىماسى كۆرۈندى، ئۇ مېنى كۆرۈپلا قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ:

— ساقلىتىپ قويدۇم ھە! — دېدى ھۆرمەتخاھلىق تەلەپپۇزىدا. بۇ سەمىمىي گەپ بىلەن مەندىكى قورۇنۇشلار بىراقلا تۈگەپ، كۆڭلۈم ئازادىلىشىپ قالدى. مەن رەئىس ئىشخانىسىغا كىرىپ، رەئىس ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدىكى سافاغا ئولتۇردۇم.

— قېنى ئەركىن پاراڭلىشايلى، — دەپ مېنى سۆزگە دەۋەت قىلدى ئابلەت جۇشى.

مەن زىيارەت قىلىش مۇددىئايىمنى قىسقىچە بايان قىلدىم.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دەپ گەپ باشلىدى رەئىس ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ، خۇش خۇي قىياپەتتە.

— بىز كېلەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خەلققە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش بىلەن كۈتۈۋالماقچىمىز، — دېدى ئا جۇشى 40 يىللىققا بېغىشلانغان سوۋغاتنى يىغىنچاقلاپ، — كونكرېت سوۋغىتىمىز: بىرنەچچە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، بىرنەچچە چوڭ تۈرنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش، بىر نەچچە تۈردە ئىش باشلاشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**قىلىنىدىغان بىرنەچچە ئەمەلىي ئىش:**

1. يېزىلاردىكى ئاھالىنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش. 40 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن خېلى بىر قىسىم يېزىلاردا دوختۇرخانىلار كەم، بارلىرىنىڭ شارائىتى ياخشى ئەمەس، مۇكەممەل ئەمەس، ئۈسكۈنىلەر قالاق، دورا كەمچىل، شۇنداق بولغاچقا، خەلقنىڭ داۋالىنىشى قىيىن بولىۋاتىدۇ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ، يامان تەسىرلەر پەيدا بولدى، ئاممىنىڭ پىكرى بار، شۇڭا بىز 40 يىللىققا ئاتاپ، ھەر يىلى 15 مىليوندىن، ئىككى يىلدا 30 مىليون پۇل ئاجرىتىپ، دوختۇرخانا يوق 122 يېزىدا دوختۇرخانا قۇرۇش، 128 يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ياخشىلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئاممىنى ياخشىراق داۋالىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلماقچىمىز. قىلماقچى بولغان بىرىنچى ئەمەلىي ئىش مانا شۇ. ئىككىنچى ئەمەلىي ئىش، ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، بۇ قەتئىي كەينىگە سۈرگىلى بولمايدىغان جىددىي مەسىلە، بىر نەچچە يىللىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بىر قىسىم ناھىيە، يېزىلاردىكى ئاممىنىڭ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسى ھەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 مىليون 700 مىڭ خەلقنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ياخشى ھەل بولمىدى، بۇ قېتىم مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرى شىنجاڭغا كەلگەندە، بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

سۇ ھەل بولمىغاچقا، بەزى جايلاردا ئامما سېسىق كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىدۇ، بەزى جايلاردا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالماقتا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي بولمايدۇ، ئەمما ھەل قىلىش ئۈچۈن 600 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ. دۆلەت 300 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون 300 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئۈچ يىلدا پۈتۈنلەي ھەل قىلماقچىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن جەمئىيەتنى، ھەرقايسى ساھەلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، تولۇق ھەل قىلىشنى پىلانلىدۇق. ئۈچىنچى، توك مەسىلىسى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالتە ناھىيىدە، نۇرغۇنلىغان يېزا - كەنتلەردە توك يوق، يېزا- بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن توك كېرەك. خەلقنى تېلېۋىزور كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ توك كېرەك. ئەنە شۇ 40 يىلدىن بۇيان توك تارتىلمىغان ناھىيە، يېزىلار

كۆمۈر يوق، سۇ يوق ناھىيىلەر، بۇمۇ ھەل قىلىدىغان بىر مەسىلە، ئەمما، ھەل قىلماسلىق بولمايدىغان مەسىلە. بۇ مەسىلىنىمۇ بىرنەچچە يىلدا ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلماقچىمىز. تۆتىنچى، 40 يىل بولدى، ناھىيىدىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى، سىياسىي قانۇن، سىياسىي كېڭەش ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار ناھايىتى قىيىن شارائىتتا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. كونا ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، دېمەك بىز مۇشۇ ئورۇنلارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاشنى بىر ئەمەلىي ئىش سۈپىتىدە تۇتماقچىمىز. ئاندىن، مائارىپتىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنىمۇ قوشۇپ ھەل قىلىمىز.

قىلىش زۆرۈر بولغان، بىز قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەمەلىي ئىشلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى تېخى ئاجىز، ھەممىنى بىراقلا ھەل قىلالمايمىز، تەدرىجىي ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرىمىز.

40 يىللىقتا ئاتاپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە كەلسەك، بىرىنچىسى، ئۈركابىل قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇش شاڭخەيدىن باشلانغان، ھازىر ئۈرۈمچىگىچە بولغان لىنىيە پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كېلەر يىلى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغىچە پۈتتۈرۈلىدۇ. ئاندىن قازاقىستان ئارقىلىق 14 دۆلەتنى كېسىپ ئۆتۈپ، گېرمانىيىنىڭ فرانكفورد شەھىرىگە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ، شىنجاڭنىڭ تېلېفون بىلەن خەۋەرلىشىش شارائىتىنى ياخشىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىككىنچىسى، لەنجۇ ــ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش رېلىسلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، بىزنىڭ تۆمۈريولدا يىللىق يۈك توشۇش ئېھتىياجىمىز 18 مىليون توننا، ئەمما ئەمەلىي ئورۇندىلىدىغىنى 12 مىليون توننا بولۇپ، 5 ــ 6 مىليون توننا يۈك توشۇپ كېتەلمەيدۇ. ھازىر قوش رېلىس تۇتاشتۇرۇلدى، كېلەر يىلى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يۈك توشۇش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، مايتاغدىكى 140 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇشمۇ 40 يىللىقتا سوۋغات سۈپىتىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، 40 يىللىقتا سوۋغات سۈپىتىدە، خوتەندىكى ئۇلۇغچاتا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، خوڭگەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ 500 مىڭ توننىلىق ئوغۇت قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىمۇ ئىش باشلاشنى قولغا كەلتۈرىمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 40 يىللىق مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈشتە، چوڭ شوئار توۋلىماسلىق، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساسىي فاڭجېن قىلدۇق.

يەنە ئا جۇشىنىڭ شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى قانداق ئېچىش، ئۇنىڭدىن خەلققە قانداق مەنپەئەت يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى داۋلىلىق پىكىر ـ تەسەۋۋۇرلىرىنىمۇ ئاڭلاپ، قايىللىق ھېس قىلدىم.

سۆھبەت داۋامىدا ھېس قىلدىمكى، ئابلەت جۇشىنىڭ جامائەتكە تونۇلۇش دەرىجىسى ئىلگىرىكى ئۈچ رەئىستەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئەمما، شىنجاڭنىڭ



⌂ رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس باراتنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

ئەھۋالىنى، خەلقنىڭ ھال - مۇڭىنى چۈشىنىش دەرىجىسى، مەسىلىلەرنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكىدە تۇرۇپ تونۇش ۋە شەرھلەپ بېرىش سەۋىيىسى، ئەمەلىي ئىشلەش قىزغىنلىقى مېنىڭدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئابلەت جۈشىنىڭ پىكرى ئوچۇق، كۆڭۈل - كۆكسى يورۇق ئىكەن.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان بىر ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا پارتىيىگە كىرگەن. 1965 - يىلى شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنىنىڭ سانائەت كارخانىلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، 15يىل ئۇن - تىنسىز باش چۆكۈرۈپ لايىھىلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نامسىز قەھرىمان بولغان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان زامانىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ لايىھىسىگە ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن. سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا جىددىي مۇھتاج بولغان شىنجاڭ دەل ئابلەت ئابدۇرېشىتتەك ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج ئىدى. پارتىيىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجى ئۇنى 1991 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىغا ئېلىپ چىقتى. 1993 - يىلى 10 - ئايدا مەركەز ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە بەلگىلىدى. 1994- يىلى 3 - ئايدا، خەلق ۋەكىللىرى ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىدى.

زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، رەئىس بىلەن خوشلىشىپ قايتتىم، قەلبىم ھاياجاندا مەۋج ئۇراتتى. بۇ زىيارەتتىن يېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بەك كۆپ - بەك كۆپ ئىدى. شۇنداق، دۇنيا بىر چوڭ كىتاب، ئۇ نۇرغۇن قىسىم، باب، پاراگرافلاردىن ھاسىل بولغان؛ بىر رەئىسنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىنمۇ بىر كىتاب ھاسىل بولىدۇ، ئۇمۇ نۇرغۇن قىسىم، باب، پاراگرافلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئەمما ھازىر كىشىلەر ئۇزۇن كىتابنى ياقتۇرمايدۇ، شۇڭا مەن بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىنىلا ئېلان قىلدىم، داۋامىنى يەنە يازىمىز. مەن يازىمەن، سىز يازىسىز، ئۇ يازىدۇ، مانا بۇ تارىخ.

**1994 - يىلى 14 - سېنتەبىر**

## بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يېڭى رامكىسى

دۆلەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى كۈچ تەشكىللەپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئومۇمىي رامكىسىنى لايىھىلەشكە ھازىرلىق كۆرمەكتە. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە يېڭى تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى: (1) مەنپەئەت ئاساسى گەۋدىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش. (2) ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تەدرىجىي ئايدىڭلاشتۇرۇش. (3) جۇڭگوچە پىلانلىق يېتەكچىلىك ئاستىدىكى بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بازارلاشتۇرۇش. (4) ئىگىلىك ئوبوروتىنى قانۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى تۆت خىل تەدبىر ئارقىلىق، ئاساسەن يەتتە مەسىلە ھەل قىلىنىدۇ. (1)بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى كۆپ خىللاشتۇرۇلىدۇ. (2) باھا مېخانىزمى ئۆزگىرىپ، تۈرغاچقا كۆپ قىسىم ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بازارغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. (3) ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرى جۈملىدىن مەبلەغ بازىرى، تېخنىكا بازىرى، ئەمگەك مۇلازىمەت بازىرى قاتارلىقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. (4) ئىجتىمائىي سوغۇرتا ئىسلاھاتى قەدىمى تېزلىتىلىدۇ. (5) ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسى ئۆزگەرتىلىپ، ھوقۇق كارخانىلارغا بېرىلىدۇ. (6) پەن-تېخنىكا بىلەن ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يۇرۇشلەشتۈرۈلىدۇ. (7) شىركەت قانۇنى، بانكا قانۇنى، بازار قانۇنى قاتارلىق ئىگىلىك مېخانىزمىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق قانۇن-تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش خىزمىتى تېزلىتىلىدۇ.

(ئالىمجان تاھىر. ت)

تەھرىرى: قەيسەر ئەركىن

# جىن جيېەن مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدە توختالدى

سەي كېجيەن

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق يىغىنىدا، مۇخبىر بولتۇر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جىن جيېنىڭ سۆزى ناھايىتى زور تەسىر قوزغاپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغانلىقىنى بايقىدى.

جىن جيېەن مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى:

«90-يىللار — مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ھالقىلىق دەۋر، شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرىدىغان ھالقىلىق دەۋر. مەركەز رەھبەرلىرى مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، بىز چوقۇم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىيات ئىشلىرىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.»

ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن بولسىمۇ، كونكرېت مەسىلىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى يەنىلا دېگەندەك بولمايۋاتىدۇ، بۇنداق بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بىر قىسىم جايلار، بىر قىسىم تارماقلاردىكى كادىرلارنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تەرەققىي قىلغان رايونلارغىلا قارىتىلىپ، 90-يىللاردا شەرق بىلەن غەربنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويمىدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئۇ رايونلارنىڭ تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنى كېمەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر تەلىپى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەم تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتى، ھەم ئېغىر خىرىستۇر. تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى زور بولۇۋاتىدۇ، ھەمدە پەرق داۋاملىق چوڭىيىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەھۋالىنى تىلغا ئالغاندا ئۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ تەلىپى يۇقىرى ئەمەس، پەقەت قورسىقى توق بولۇشنىلا تەلەپ قىلىۋاتىدۇ».

پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا قارىتىلغان ئەسلىدىكى بىر قىسىم ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويۇپ، قىيىنچىلىقلار تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ سالمىقى چوڭ، كوللېكتىپ، يەككە، يېزا-بازار كارخانىلىرى، بولۇپمۇ ئۈچ تەرەپ بىرلىكتە مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى كىچىك بولۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەربىي دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار مۇئەييەن دەرىجىدە كۆپەيگەن بولسىمۇ، بىراق مەبلەغ سىرتقا ئېقىپ كېتىش، قالايمىقان قەرز بېرىش، قالايمىقان مەبلەغ توپلاش ھادىسىلىرى تەرەققىياتنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ يەرلىك مالىيىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، ھەتتا بەزى جايلار ماائاشىنىمۇ تارقىتالمايۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى دۇچ

كېلىۋاتقان بازار ئىگىلىكىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىشنى تېزلىتىش، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش شارائىتىنى ياخشىلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت بۇ زور ۋەزىپىلەر دۆلەتنىڭ داۋاملىق يۆلەش سىياسىتىنى قوللىنىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ يەنىمۇ ياردەم بېرىشىگە مۇھتاج.

بۇ يىل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىغا ئون يىل بولدى. قانۇن ھەققىدە توختالغاندا، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل بۇ سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى-دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى زور باشلىنىش. 40 نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى ئۇنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەۋزەللىكى ئۈزلۈكسىز ئاشىدۇ. بىراق مەلۇم مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى، بىر قىسىم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەي، ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان قانۇن - نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا سىياسەت جەھەتتە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش ھادىسىسى ساقلانماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىنو، تېلېۋىزىيە، ئاخبارات خەۋەرلىرى، كىتاب-ژۇرناللاردا كۆرۈلگەن مىللىي ھېسسىياتنى كەمسىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئازار بېرىدىغان بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا، جىن جىيەن مۇنداق ھېسابلىدى: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ نۇقتىغا سەل قارالسا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىشىغا پۇرسەت تۇغۇلىدۇ.

يۇقىرىقى ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا، جىن جىيەننىڭ قارىشىچە مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب بار: بىرىنچىسى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە مىللىي مەسىلە بىر خىل تارىخىي ھادىسە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريان كېرەك. مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي ھەل قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، سۇبيېكتىپ جەھەتتە بىزنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەربىيىمىز چوڭقۇرلۇق ۋە سالمىقى جەھەتتە يېتەرلىك بولمىدى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەت قارىشى بىر قىسىم كادىر ۋە ئامما ئىچىدە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتتى.

ئۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كەڭ كۆلەمدە ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى، بۇ ھەقتە بىر قانچە تەكلىپ بەردى:

يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى مەملىكىتىمىزدىكى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ بىلىش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، بولۇپمۇ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدە بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق-تەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى جۇڭخۇا

مىللەتلەرنىڭ روھى قىياپىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، دېگەن تەكلىپنى بەردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ خىل تەشۋىقات ـ تەربىيە چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.»

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللىي سىياسەت ھەققىدىكى تەشۋىق-تەربىيىگە ماسلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى مىللىي مەسىلە، مىللىي سىياسەت ھەققىدىكى دەرسلىكلەر ۋە مىللەتلەر ھەققىدىكى بىلىمگە ئائىت كىتابلارنى تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش، ھەرقايسى مەكتەپلەردە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى دەرسلىكىنى ئېچىش؛ ئورگانلاردا ۋە جەمئىيەتتە سىستېمىلىق ھالدا لېكسىيە سۆزلەش ۋە مەخسۇس تېمىدا دوكلات بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق تەشۋىق-تەربىيىنى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق ئېلىپ بېرىش كېرەك، بۇ خىل تەشۋىق-تەربىيىنى نورمال ئىش تەرتىپكە ھەم تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

مۇخبىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە قانداق تەسەۋۋۇرلىرى بارلىقىنى سورىغاندا، جىن جىيەن مۇنداق دېدى: سىياسىي كېڭەش سىستېمىسى تارىختىن بۇيان مىللەتلەر خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بىز ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلار، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ ئوتتۇرا قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈش، نەزەرىيە جەھەتتە ئىسپاتلاش جەھەتتە زور مىقداردا خىزمەت ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ھازىردىن باشلاپ 2000-يىلغىچە، بىزنىڭ سىياسىي كېڭىشىمىز ئىقتىسادنى چىڭ تۇتۇپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نەزەرىيە جەھەتتە ئىسپاتلاپ ، تەكلىپ بېرىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ يىل يىل ئاخىرىدا، بىز بازار ئىگىلىكى ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىش ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

تەھرىرى: خەمىت نىغمەت

## ھېكايەت

ھىندىستان دانىشمەنلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئەقىللىق، خۇش پېئىل بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى دانىشمەن قاتتىق بىتاپ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. دۇنيادىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتكەن دانىشمەن ئوغلىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

ـ ئەزىز ئوغلۇم، ساڭا شەپقەت ۋە مەرھەمەت يۈزىدىن بىر نەسىھەت قىلىمەن، بۇ نەسىھىتىمنى پۈتۈن دىققىتىڭ بىلەن ئاڭلا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىل. شۇندىلا خەلق ئارىسىدا ئىززەت ـ ئابرويغا ئىگە بولىسەن، راھەت-پاراغەتتە ياشايسەن، ـ دېدى ۋە شۇنداق نەسىھەت قىلدى:

ـ ئوغلۇم، قولۇڭدىن چىقىپ كەتكەن ياكى قولۇڭغا كىرمىگەن نەرسىلەر ئۈچۈن غەمكىن بولۇپ يۈرمە، پەسكەش، ناكەستىن قەرز ئالما، ئۇ سېنى رەنجىتىدۇ. ئەدىب ۋە شائىرلار بىلەن ئاچچىقلاشما، شەرم ـ ھاياسىز بېخىللار بىلەن سۆھبەتداش بولما، ھېچ ۋاقىت بىراۋنىڭ ئىشىغا تەمە قىلما، ئۆز مېھنىتىڭ بىلەن تاپقان ئەمگەك مېۋىگە قانائەت قىل. ئالىيجاناب، ئەخلاقلىق ئالىم- پازىللار بىلەن سۆھبەتداش بولساڭ ياخشى نام چىقىرىسەن، بۇنى ئۇنتۇما، ماختانچاق، ئەزىمىلەردىن يىراقلاش، ھەسەتخور، ئىغۋاگەر ۋە چېقىمچىلارغا زادى يېقىنلاشما.

ئۆزبېكچە «ئەدەبنامە»دىن ئېلىندى

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا

ئاۋجۇلدېلى

8- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1- ۋە 2-قېتىملىق يىغىنلىرىدا، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەر ئىچىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ ئۇنىڭغا يەتتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشىنى بەش يىللىق قانۇن تۈزۈش پىلانىغا كىرگۈزدى. مەزكۇر ماقالىدە ئاپتونومىيە قانۇنىغا نېمە ئۈچۈن تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە قانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈش كېرەك دېگەن ئىككى مەسىلە ھەققىدىكى قارىشىمنى ۋە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئالدى بىلەن ئاپتونومىيە قانۇنىغا نېمە ئۈچۈن تۈزىتىش كىرگۈزۈش كېرەكلىكى ھەققىدە توختىلىمەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بىر قىسىم بەلگىلىمىلىرى پۈتكۈل دۆلەت ۋە مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ رېئال ئەھۋالىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا قانۇن ـ بەلگىلىمىلەردىكى تەرتىپ بويىچە زۆرۈر بولغان تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە مۇنداق ئاساسلىق ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچى، ئون يىل ئىلگىرى ئاپتونومىيە قانۇنى تۈزۈلگەن ۋاقىتتا، مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقىنى يەنىلا سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئىدى، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مالىيە، ئىقتىساد جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە ماددىلىرىدا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشنىڭ نىشانى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونومىيە قانۇنىغا زۆرۈر بولغان ئۆزگىرىش كىرگۈزمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇنغا ناھايىتى زور تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ئاپتونومىيە قانۇنىغا مۇناسىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلمىسە، ئۆزگەرگەن يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشالماي قالماستىن، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن بىلەنمۇ ئۆزئارا زىت بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا قانۇننىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى يول قويمايدۇ.

بىز ئەمدى ئاپتونومىيە قانۇنىغا قانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە توختىلىمىز. ئالدى بىلەن بۇ بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك، ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئومۇمىيۈزلۈك تۈزىتىش كىرگۈزۈش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت، چۈنكى ئاپتونومىيە قانۇنى ياخشى قانۇن. ئاپتونومىيە قانۇنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مىللىي مەسىلىدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىشتىكى مۇھىم نەتىجىلەرنى توپلىدى، مىللىي ئاپتونوم جايلار بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا بەلگىلىدى، مىللىي ئاپتونوم جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە مىللىي ئاپتونوم جايلارغا ياردەم بېرىشنىڭ پرىنسىپىنى توغرا بەلگىلىدى. مۇشۇنداق بولغاندا، ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغىلى، ھەم بىرلىككە كەلگەن دۆلەتتىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچقا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنى

ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان ئون يىلدىن بۇيان، مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاپتونومىيە قانۇنى ياخشى قانۇن بولغان ئىكەن، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس، قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

ئۇنداقتا، قىسمەن تۈزىتىشنى قانداق كىرگۈزۈش كېرەك؟ بىرىنچىدىن، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇنغا ئاساسلىنىش كېرەك. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇننىڭ 15-ماددىسىدىكى «دۆلەت سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويىدۇ» دېگەن بۆلەك «دۆلەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويىدۇ» دېگەنگە ئۆزگەرتىلدى، شۇڭا ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى پىلانلىق ئىگىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسلىدىكى بىر نەچچە ماددىلار مەسىلەن، 6-، 26- ۋە 29-ماددىلارغىمۇ مۇناسىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش كېرەك. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئۆز ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش زۆرۈر بولغان، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلىنىدىغان ئاز ساندىكى مۇھىم مەھسۇلاتلاردىن باشقا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلىپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك سېتىۋېلىش پىلانى ۋە يۇقىرىدىن تەڭشەپ بېرىلگەن ۋەزىپە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇڭا، ئاپتونومىيە قانۇنىدا دۆلەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانى بويىچە سېتىۋېلىش ۋە يۇقىرىدىن تەڭشەپ بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەسلىدىكى ماددىلارغا مەسىلەن، 30- ۋە 59- ماددىلارغا مۇناسىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئاپتونومىيە قانۇنى ئىزچىللاشتۇرۇلغان ۋە يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى توپلانغان يېڭى تەجرىبىلەرنى، ھاسىل قىلىنغان يېڭى قاراشلارنى خۇلاسىلەش لازىم. ئاپتونومىيە قانۇنى تۈزۈلگەندە، تەجرىبە ۋە تونۇش سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 14-ماددىسىدا «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش، رايون چېگرىسىنى ئايرىش ۋە ئۇنىڭغا نام بېرىش»نى تەستىقلاش تەرتىپلا بەلگىلىنىپ، مىللىي ئاپتونوم جايلارنى بىرلەشتۈرۈۋېتىش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەستىقلاش تەرتىپلىرى بەلگىلەنمىگەن بولۇپ، بۇ بىر بوشلۇقتۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 28-ماددىسىدا مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆز تەۋەسىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتى بار دەپلا بەلگىلەنگەن، بىراق قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۆز تەۋەسىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقى بەلگىلەنمىگەن، بۇ قانۇندىكى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ ئۆزئارا بىردەك بولۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ۋەھاكازالار. بۇلار، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئەسلىدىكى ماددىلىرىدىكى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردۇر. شۇڭا، ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى يېڭى تەجرىبە، يېڭى قاراشلارنى يەكۈنلەپ ۋە ھاسىل قىلىپ، ھەم بۇ يېڭى تەجرىبە، يېڭى قاراشلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونومىيە قانۇنىنى تولۇقلاش كېرەك.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە پارتىيىنىڭ 14- قۇرۇلتىيى ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىشى، مىللىي ئاپتونوم جايلار ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان بىر قەدەر چوڭ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ئىچىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈش زۆرۈر بولغانلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشى؛ تۈزەتسىمۇ، تۈزەتمىسىمۇ بولىدىغانلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك؛ ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنى ئامالنىڭ بارىچە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئاپتونومىيە قانۇنىنى مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىش ھەم ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئىشەنچلىك قانۇنىي كاپالىتىگە ئايلاندۇرۇش، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ھەتتا پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىدىكى ئىجابىي رولىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

تەھرىرى: خەمىت نېمەت

# «ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ بارلىققا كېلىشى

نى جى

بۇ يىل «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى. ئون يىل مابەينىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشى توغرا بولدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنداقتا، بۇنداق ياخشى قانۇن قانداق بارلىققا كەلگەن؟

ئېلىمىزدە مىللىي تېرركتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، نەزەرىيە جەھەتتە بارلىققا كېلىشتىن كونكرېتنى يولغا قويۇلۇشقىچە، سىياسەتنىڭ بەلگىلىنىشىدىن قانۇنىي جەھەتتىن بېكىتىلىشىگىچە خېلى ئۇزۇن مەزگىللىك ئىزدىنىشنى باشتىن كەچۈردى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئېلىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن مول تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

يەر ئىنقىلابىي مەزگىلىدە، دېڭ شياۋپىڭ گۇاڭشىدا رەھبەرلىك قىلغان بەيسى قوزغىلىڭى ۋە لوڭجۇ قوزغىلىڭى، يوۋجياڭ ۋادىسىدىكى جۇاڭزۇ، ياۋزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 20 نەچچە ناھىيە، تەخمىنەن 2 مىليون نوپۇسقا ئىگە بۇ بازا ئىچىدە، تۇنجى قېتىم ۋېي باچۈن قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى باشقۇرۇشقا قاتناشقان ئىشچى-دېھقان سوۋېت ھاكىمىيىتى خاراكتېرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچى - دېھقان دېموكراتىك ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلغان. ئۇزۇن سەپەر مەزگىلىدە، جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى سىچۇەندىكى زاڭزۇلار رايونىدا داۋفۇ، تەيىنىڭ، لوخۇر ۋە گەنزىبوبا (يەنى زاڭزۇ) ھۆكۈمىتى قۇرغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەت يۈخەي ناھىيىسىدە خۇيزۇ ئاپتونوم ھۆكۈمىتىنى قۇرغان. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان ناھىيە دەرىجىلىك تۇنجى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم ھۆكۈمەت. ئىچكى موڭغۇل ۋە شىمالىي جۇڭگو بازىلىرىدا يەنە موڭغۇل، خۇيزۇلارنىڭ ئاپتونوم ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلغان. بولۇپمۇ 1947-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلغان ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان تۇنجى ئۆلكە دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم ھاكىمىيەتتۇر. ئىچكى موڭغۇل خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان «ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مەملىكەت مىقياسىدا يولغا قويۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسىنى تىكلەپ بېرىپلا قالماي، يەنە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ قانۇن تۈزۈملەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن تەجرىبە جۇغلاپ بەردى.

1949-يىلى 9-ئايدا، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى بېيجىڭدا چاقىرىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 23 ئورۇننىڭ (كېيىن «ساھە» دەپ ئاتالدى، مەسىلەن مىللىي ساھە، دىنىي ساھە) 134 ۋەكىلى تولۇق كېڭەشىش ئارقىلىق، ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن خاراكتېرىدىكى «جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى يىغىنىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»نى ماقۇللىدى، پروگراممىدا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدە مىللىي مەسىلىنى ھەل

قىلىشىنىڭ تۈپ تۈزۈمى ـ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش شارائىتى تېخى تولۇق ھازىرلانمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش بەلگىلەندى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە قارىتا چىقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق توغرا بەلگىلىمىسىدۇر. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئەمەلىيەت ئارقىلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇپ بولغان تۈرلۈك مىللىي تېررىتورىيىلىك ھاكىمىيەتلەر ۋە مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى ئورنى ئېنىقلاشتۇرۇلدى. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى 1952-يىلى 2-ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى تۈزگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش مەقسىتىدىكى تۈپ قانۇنىي خاراكتېرگە ئىگە تۇنجى ھۆججەت. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ 1984-يىلى ئېلان قىلىنغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن. 1954-يىلى 9-ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ تۈپ بۈيۈك قانۇنىدا ئېتىراپ قىلىندى. ئاساسىي قانۇنىنىڭ «ئومۇمىي پروگراممىسى»دا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ھەرقايسى مىللىي ئاپتونوم جايلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.» مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى توغرىسىدا، كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) دەپ ئايرىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىغا ئايرىشتىكى ئورنى ۋە يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىلىك تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئېنىق ئايرىلدى؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونوم ھوقۇقى كونكرېتنى بەلگىلەندى؛ شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئاساس قىلىنىپ، ئاپتونومىيە نىزامنامىسى ۋە ئايرىم نىزامنامىلەر تۈزۈلدى؛ ئوخشاشلا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ھەرقايسى ئاپتونوم جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ھەم ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش لازىملىقى بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەر، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق مۇھىم پرىنسىپلارنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئالغا سۈردى.

ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى نامدا بار ئەمەلدە يوق قىلىپ قويدى. ئۇلار گەرچە يەنىلا ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقىنى ئاپتونومىيە ئورگىنى بولماستىن بەلكى «ئىنقىلابىي كومىتېت» ئىدى. 1975-يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندا، 1954-يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ» دېگەن ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى» دېگەن ئابزاستىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك كونكرېتنى ماددىلار چىقىرىۋېتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش قۇرۇق ھۆججەت بولۇپ قالدى. بۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئارقىغا چېكىندۈرۈۋەتتى. 1978-يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا ئائىت مەزمۇنلار قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق 1975-يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندىكى «سول»چىل خاتالىق ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىلمىدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتى مىللەتلەر خىزمىتى جەمئىيىتىكى «سول»چىل خاتالىقنى تۈزىتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشىنىڭ تۈپ سىياسىتى ئىكەنلىكىنى قايتا مۇئەييەنلەشتۈردى؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش- دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە. 1980-يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق يىغىنىدا، ۋېيىۋمىنجاڭ يې جيەنيىڭ «مىللەتلەر خىزمىتىدە قانۇن تۈرغۇزۇشنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 1981-يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ بىر قانچە تارىخىي مەسىلىلىرى ھەققىدىكى قارارى»دا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى قەتئىي يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى.

1982-يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندا، 1954-يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت مۇھىم پرىنسىپلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەجرىبە-ساۋاق ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن يېڭى مەزمۇنلار كۆپەيتىلدى. بۇ مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە مۇكەممەللەشكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇشتەك دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنغانلىقىنى ۋە كاپالەتلىك قىلىنغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى..

ئاساسىي قانۇندىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1979-يىلىدىن 1992-يىلى 4-ئايغىچە ماقۇللىغان 113 قانۇن ئىچىدە، مىللىي مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇندىن 33 ى بار. ئاپتونومىيە قانۇنىنى تېخىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 1992-يىلى 12-ئايدا گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، قانۇنىنى تېخىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئائىت بىر قانچە مەسىلىگە قارىتا خېلى كونكرېتنى بەلگىلىمە چىقاردى. ھەرقايسى مىللىي ئاپتونوم جايلار ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش ئۈچۈن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزامنامىلارنى تۈزۈپ چىقتى. 1992-يىلىنىڭ ئاخىرغىچە، جەمئىي 25 ئاپتونوم ئوبلاست، 96 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن)دا ئاپتونومىيە نىزامى ئېلان قىلىندى؛ مىللىي تىل-يېزىق، نىكاھ، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈزۈلگەن ئايرىم نىزاملار 86 گە يەتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا توققۇز ئۆلكىدە يەرلىك قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەر ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ قانۇنچىلىق سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى.

(خېلىل ئەلى-ت) تەھرىرى: خەمىت نېمەت

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئېڭىنى كۈچەيتىش مۇھىم مەسىلە!

خەمىت نىغمەت

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىي تۈزۈملىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دېگەندە: ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە خاسلا مىللىي ئاپتونومىيە ئەمەس، بەلكى مىللىي ئامىل بىلەن تېررىتورىيىلىك ئامىلنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ھەم سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدۇر.

ھازىرقى شارائىتتا، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئېڭىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ دىققەت قىلىشىغا ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر ئىش.

دەرۋەقە كىشىلەر، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغىنىغا 40 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، يەنە نېمە ئۈچۈن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئېڭىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى تەكىتلىنىدۇ؟ دېپ سورىشى مۇمكىن. بۇنىڭ قىلچە ئەجەبلىنەرلىكى يوق. چۈنكى ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ ناھايىتى زور نەتىجىلەر يارىتىلدى. شۇنداقلا قويۇق سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ۋە تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت شەكىللەندى؛ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. يېتىشىپ چىققان زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ھەر خىل كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇردى ۋە قىلدۇرماقتا.

لېكىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونوم جايلاردا يەنە نۇرغۇن مەسىلە ساقلانماقتا. شۇڭا، مىللىي ئاپتونوم جايلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇش — نۆۋەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئەمەلىيەتتە، يالغۇز ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئېڭىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى نۆۋەتتە جىددىي تۇتۇشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە ھەم ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاھىدە تۈزۈم؛ مىللىي ئاپتونوم جايلار، ئېلىمىزدىكى ئالاھىدە جايلاردۇر. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ھەم ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك ھوقۇقى جەھەتتە بولسۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشىدە بولسۇن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك ئورۇنلاردىن خېلىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ پەرقى يالغۇز ئۇنىڭ نامىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەرلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپرەك بولغانلىقىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسلىق پەرقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى (خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى) تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، يەنە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدە. ئاپتونومىيە ھوقۇقى «ئاساسىي قانۇن» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن كەڭ مەزمۇنغا ئىگە ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى مۇنۇلار: ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشتىن ئىبارەت قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى؛ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارارى، قارار، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىنى قانۇنغا بىنائەن ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىش ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش ھوقۇقى؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل-يېزىقنى قوللىنىش ھوقۇقى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى؛ دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەت ۋە پىلانلارنى تۈزۈش، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى؛ ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى قانۇنغا بىنائەن قوغداش ۋە ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش ھوقۇقى؛ دۆلەتنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، تاشقى سودا، چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇش ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بەزى ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، ئاپتونوم جايلارنىڭ ئادەتتىكى جايلاردىن قانداق پەرقى بار، قانداق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بار، بۇ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلارنى قانداق قىلغاندا تولۇق يۈرگۈزگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى بىر قىسىم رەھبەرلەر ۋە خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر تېخىچە ئوبدان چۈشەنمەيۋاتىدۇ ۋە ئوبدان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايۋاتىدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ بەلگىلىمە ۋە يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇشى بىر تەرەپلىمە ياكى يۈزەكى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلى

رىلىدىن مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا جەھەتلەردە كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىشنى، ئېتىبار بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت سىياسەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جاينىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاز ئەتىۋارلاشتىن قىلىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىن ئېيتقاندا، ئاساسلىق گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا يېتەرلىك ھۆرمەت قىلماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ پايدىلانغاندا، شۇ جايلاردىكى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە تولۇق ئېتىبار بەرمەسلىك، بولۇپمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ۋە كۆندىلىك رەھبەرلىك خىزمىتىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئويلاشماي، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش»تەك ئەھۋاللار ھېلىھەم ساقلانماقتا. دېمەك، بۇ، ئەمەلىيەتتە ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنى قارانچۇق قىلىپ قويۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئۆز جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن خىزمەت قىلىشىغا يول قويمىغانلىق بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. شۇڭا، مەيلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان چەت ياقا رايونلاردا بولسۇن، ياكى ئادەتتىكى رايونلاردا بولسۇن، مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بولسۇن ۋە ياكى مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بولسۇن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ئارىسىدا ھەم ھەرقايسى تارماق ۋە ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ئارىسىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئېڭىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

تەھرىرى: لى . بارات

## ئېلىمىز روسىيە بىلەن بىرلىشىپ

## ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون

## قۇرماقچى

روسىيە موسكۋا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىن 25 كىلومېتر يىراقلىقتا كۆلىمى 247 كۋادرات كىلومېتر كېلىدىغان ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرماقچى. بۇ، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلىمىز بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشتىكى يەنە بىر تەدبىرى.

ئېيتىلىشىچە، روسىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغۇسى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا يېمەكلىك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئېلېكترون، تېببىي دورا، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق شۇنداقلا مۇھىت ئاسراش سانائىتى قاتارلىق تۈرلەرگە ئېلىمىزنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشنى ھەمدە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ئىچىدە كۆلىمى 15ـ20 مىڭ كۋادرات كىلومېتر كېلىدىغان چوڭ تىپتىكى توپ تارقىتىش سودا مەركىزى قۇرۇشنى پىلانلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا ئېلىمىزنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ مېھمانخانا، ئولتۇراق ئۆي ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى قۇرۇشقا يول قويماقچى بولغان. مەلۇم بولۇشىچە، روسىيە ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا كۆپ خىل ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ، روسىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن.

(ئالىمجان تاھىر ـ ت)

تەھرىرى: قەيسەر ئەركىن

# ئېلۇنچۇن مىللىتى ۋە ئېلۇنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى




ئېلۇنچۇن (ئۇرۇچىن) مىللىتى مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى نوپۇسى ئەڭ ئاز مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئومۇمىي نوپۇسى 6965 (90-يىلىدىكى سان) بولۇپ، ئاساسەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خىلۇنبىر ئايمىقىنىڭ ئېلۇنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى، بوتخا خوشۇنى، مۇرىنداۋا داغۇر ئاپتونوم خوشۇنى ھەم خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇما، ئەيخۇي، سۇنكى قاتارلىق ناھىيىلىرىدە ئولتۇراقلاشقان.

## ئېتنىك مەنبەسى

شەرقىي شىمالدىكى چوڭ، كىچىك ھىنگان تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئېلۇنچۇن مىللىتىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش قەدىمكى زامانلاردا ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئېلۇنچۇن تىلىدا ئۇرۇق «موكۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن، ئېلۇنچۇن مىللىتى ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە ئۆتكەن. ئۇرۇق ئېلۇنچۇنلاردا قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇپ، بىر ئۇرۇقنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىر ئەجدادنىڭ ئەۋلادلىرى بولىدۇ. بىر ئۇرۇق بىر قانچىلىغان ئائىلە جامائەلىرىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ جامائە ئېلۇنچۇن تىلىدا «ئۇلىلىك» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى ئەۋلادلار دېگەن بولىدۇ. «ئۇلىلىك» بىر ئەر كىشىنىڭ بىر نەچچە ئەۋلادلىرىنىڭ كىچىك ئائىلىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر بىر «ئۇلىلىك» - تۆت-بەشتىن ئالتە-يەتتىگىچە بولغان «شيەنرېنجۇ» (ئېلۇنچۇنلار ئولتۇرىدىغان كىچىك ئۆيلەر)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر «شيەنرېنجۇ» بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئويۇشقان كىچىك ئائىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ھەر بىر «ئۇلىلىك»نىڭ بىردىن «تاتەندا»سى يەنى ئاقساقلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.



ئېلۇنچۇنلار ئارىسىدىكى «ئۇلىلىك»دىن ئىبارەت ئۇرۇق جامائەسىنىڭ تەشكىلىي شەكلى 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۆزگىرىپ، رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇ ئوخشىمايدىغان ئۇرۇق ۋە ئۇرۇق جامائەسىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداق قىلىپ تەدرىجىي بىرلىشىش ۋە قوشۇلۇش ئاساسىدا مۇستەھكەم ئورتاق بىر گەۋدە شەكىللەنگەن.

جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، ئېلۇنچۇنلارنىڭ ئەجدادى «شىرۋى»لار بولۇپ، «ئورمانلىقتىكى ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، ئېلۇنچۇن، ئېۋېنكى ۋە داغۇر مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە قويۇق بولغاچقا، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ سۇرۇن قەبىلىسى دەپ ئاتالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە،

ئېلۇنچۇنلار ئەڭ دەسلەپ «ئېمىرتۇن»، «ئېلوچۇن» دەپ ئاتالغان بولسا، ئەڭ ئاخىرىدا بىردەك ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئېلۇنچۇن» دەپ ئاتالغان. ئېلۇنچۇن دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئىككى خىل مەنا يەشمىسى بار، بىرى «بۇغا كۆندۈرگۈچىلەر»، يەنە بىرى «تاغ ئۈستىدىكى كىشىلەر». بۇ خىل يەشمىلەرنىڭ بىرىنچىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھەم ئىشەنچلىك. چۈنكى ئېلۇنچۇن تىلىدا ئورۇن (oron) دېگەن سۆز مۈڭگۈزلۈك... 

ئېلۇنچۇن تىلىدا ئورۇن (oron) دېگەن سۆز موخ يەيدىغان بۇغا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىسىم ئارقىسىغا چىن (cin) سۆزى ئۇلانسا ئورۇنچىن (oroncin) يەنى «بۇغا كۆندۈرگۈچىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## تىل-يېزىقى

ئېلۇنچۇن تىلى — ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، مانجۇ - تۇڭگۇس تىل ئائىلىسىنىڭ تۇڭگۇس تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. يېزىقى يوق. ئېلۇنچۇن تىلىدا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى باشقا تىللارغا ئوخشاش ئورغۇنلىغان كۆپ بوغۇملۇق سۆز يىلتىزلىرى بولىدۇ. توندا مەنا پەرقى بولمايدۇ، لېكىن تۇراقلىق ئۇرغۇ بولىدۇ. تەبىئىي بىرلىكنى ئىپادىلەيدىغان مىقدار سۆزلىرى ئاز، ئىسىم بىلەن ئالماشتا سان، كېلىش قاتارلىق كاتېگورىيىلەر بولىدۇ. پېئىلدا ھالەت، زامان، راي قاتارلىق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بار. قوشۇمچىلار كۆپ بولۇپ سۆز ياساش ۋە سۆيەت ياساشتا ئاساسلىق تىل ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئادەتتە بىر قوشۇمچە بىر تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## دىن ئېتىقادى

ئېلۇنچۇنلارنىڭ دىن ئېتىقادى ئاساسەن تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئەجدادىغا چوقۇنۇش ۋە توتېمغا چوقۇنۇش قاتارلىق بىر نەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئېلۇنچۇنلەر ئادەتتە ئومۇميۈزلۈك شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان ئىلاھ-تەڭرىلىرى نەچچە ئون خىل بولىدۇ. مەسىلەن، «قۇياش ئىلاھى»، «ئاي ئىلاھى»، «يەتتە قاراقچى يۇلتۇز ئىلاھى»، «ئوت

ئىلاھى»، «ئاسمان ئىلاھى»، «يەر ئىلاھى»، «شامال ئىلاھى»، «يامغۇر ئىلاھى»، «چاقماق ئىلاھى»، «سۇ ئىلاھى»، «ئوت-چۆپ ئىلاھى» قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەبۇتلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئېيىق بالىسى تېرىسىدە ياسالغان ئېيىق مەبۇتى، ياغاچنى شىلىپ ئادەم، ھايۋان شەكىللىرىگە كەلتۈرگەن ياغاچ مەبۇتلار، ئاجايىپ-غارايىپ مەخلۇقات شەكلىدىكى تاش مەبۇت ۋە تۈرلۈك مەبۇت رەسىملىرى بولىدۇ. شامان دىنىنىڭ داخانى شامان دېيىلىدۇ. شامان ـــ تەڭرى بىلەن ئادەملەر ئارىلىقىدا بېرىدى-كەلدى قىلىدىغان ئەلچى دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى كېسەللەرنى داۋالىيالايدۇ، بەخت يارىتىپ بېرەلەيدۇ، دەپ تونۇيدۇ. شامانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا، دىنىي تون ۋە دىنىي قالپاقلارنى كىيىۋېلىپ، داپ چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئېيتىپ، ئۆزى ئۇسسۇل ئويناپ، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، كالپۇكلىرىنى، پۈتۈن ئەزايىنى تىترىتىش ۋە باشقا غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، كىشىلەرنى ئىلاھىي روھنىڭ ئۆز بەدىنىگە بېپىشقانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ. شامانلار تەكلىپ قىلىنىپ پېرىخونلۇق قىلدۇرۇلغاندا، مال ئۆلتۈرۈلۈپ نەزىر قىلىنىدۇ.

ئېلۇنچۇنلار يەنە ئۆزلىرىنى ئېيىق بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بار دەپ قارايدۇ. ئېلۇنچۇن تىلىدا ئەركەك ئېيىق «ئاماخا» دەپ، چىشى ئېيىق «تەيتىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئاتا جەمەتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەجدادىنىڭ ئاتىلىشى، كېيىنكىسى ئانا جەمەتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەجدادىنىڭ ئاتىلىشىدۇر. ئېيىقنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندە، ئېيىق ئۆلدى دېمەستىن، ئېيىق ئۇخلاپ قالدى دەيدىغان ئادىتى بار. ئۇلاردا بۇرۇن ئېيىق ئوۋلاش، ئېيىق گۆشى يېيىش مەنئى قىلىنغان، كېيىنچە بۇ چەكلىمە بۇزۇلۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئېيىقنىڭ مېڭىسى، كۆزى، يۈرىكى، جىگىرى، ئۆپكىسىنى يېيىش مەنئى قىلىنغان ھەم ئېيىقنىڭ بۇ ئەزالىرىنى ئۇنىڭ روھى تۇرىدىغان جاي دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئۇنىڭ بىر قىسىم قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى بىلەن بىللە قېيىن قوۋزۇقىغا يۆگەپ، دەرەخ ئۈستىگە قويۇپ شامالغا دەپنە قىلىدۇ. دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ يالغان يىغلاپ تەزىيە بىلدۈرۈش ئادىتى بار. بۇلاردىن باشقا يەنە ئېلۇنچۇنلارنىڭ ئۇرۇق ئاقساقاللىرى ۋە قوۋم باشلىقلىرىغا چوقۇنۇش ئادىتىمۇ بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەجدادلىرىنىڭ قۇدرەتلىك روھى ھايات ئەۋلادلىرىنى ئاسراپ قالالايدىكەن، بۇنداق چوقۇنۇشنىڭ ئوبيېكتى دەسلەپتە ئۇرۇقنىڭ ئورتاق ئەجدادى بولغان، كېيىنچە بىر قوۋمنىڭ ئەجدادى بولغان، ئەڭ ئاخىرىدا ئايرىم-ئايرىم كىچىك ئائىلەرنىڭ ئەجدادى بولغان. ئۇلار ئائىلىلەردە ئەجدادىنىڭ ئەرۋاھ تاختىسىنى ئورنىتىپ چوقۇنىدۇ. ھەر يىللىق ھېيت - بايراملاردا نەزىر قىلىپ دۇئا- تىلاۋەت قىلىدۇ. كۆچكەن چاغلىرىدا ئالدى بىلەن ئەجدادىنىڭ ئەرۋاھ تاختىسىنى ئېلىپ ماڭىدۇ.

## ئۆرپ - ئادەتلىرى

ئېلۇنچۇنلارنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى بار. چوڭلار ھەرقانداق سورۇننىڭ تۆرىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلار «شيەنرېنجۇ»غا كىرگەندە، ھەممە بىردەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قىزغىن مۇئامىلىدە كۈتۈۋالىدۇ. ياشلار چوڭلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئەدەب - قائىدىگە ئالاھىدە دىققەت



قىلىدۇ. مۇھىم ئىشقا يولۇققاندا، ئالدى بىلەن چوڭلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، ئاندىن بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئاتا-بوۋىسى سىرتقا چىقىپ ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرۇپ قايتىپ كەلسە، باش قويۇپ تازىم قىلىدۇ ھەم ھال-ئەھۋال سورايدۇ. ياشلار ئات مىنىپ كېتىۋاتقاندا چوڭلار يولۇقۇپ قالسا ئاتتىن چۈشۈپ، چەتتە تۇرۇپ، سالام بېرىپ يول بېرىدۇ ھەم شۇ كىشى ئۆزۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆز يولىنى داۋام قىلىدۇ.

ئېلۇنچۇنلار ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئېنتېنۇي ئەخلاق قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن.

«ئولېلىگېنىڭ» ئىچكى قىسمىدا ئومۇمەن ئوۋچىلار ئوۋ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئاغرىق - سىلاق، يېتىم-يېسىرلار ئائىلىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە يات بىر كىشى ئۇچراپ، گۆش سورىسا بېرىۋېرىدۇ، مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ ئالسۇن، كېيىن قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بىرەر ئائىلە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇقسا ياكى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق ئىشلىرىنى قىلسا، باشقىلار ئۆزلۈكىدىن ياردەم قىلىدۇ. بىراق قىلچە ھەق تەلەپ قىلمايدۇ.

ئېلۇنچۇنلار بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇشتەك ئادەتنى خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ شەكىللەندۈرگەن. تارقاق ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تۈپەيلىدىن قىز-يىگىتلەرنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئاز بولغاچقا، توي ئىشلىرىنى ئومۇمەن ئاتا-ئانىلار بىر ياقلىق قىلىدۇ. توي بېكىتىلىپ، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ رازىلىقى ئېلىنىدۇ. قىز-يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى توي ھارپىسىدا قەبىلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىگە خەۋەر قىلىپ، ياز پەسلىدىكى خېيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىنى تاللاپ توي ئۆتكۈزىدۇ.

ئېلۇنچۇنلارنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرى ئاساسەن ئوۋگۆشى، بېلىق تېپىدىكىلەر ۋە ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇلار بۇغا، قانداغاي، جۇر، جەرەن قاتارلىقلارنىڭ ئوۋگۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، قانداغاينىڭ بۆرەك گۆشى، جۇرنىڭ بېغىرى - مېھمان كۈتۈشتىكى ئەڭ ئېسىل تائام ھېسابلىنىدۇ. ئېلۇنچۇنلار بولۇپمۇ جۇر بېغىرىنى خام يېيىشكە بەك ئامراق، ئۇلار ئۇنىڭ مەززىلىك تەمىگىلا ئامراق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ياز پەسلى ئوۋچىلىقنىڭ ئاۋات مەزگىلى، ئوۋچىلار دائىم مول ئولجىلار بىلەن قايتىشىدۇ. ئاياللار ھايۋان گۆشىنى ئۇششاق پارچىلاپ پىشۇرۇپ قاق سېلىپ، سۈرلەپ قىش ۋە ئېھتىياز مەزگىللىرىدە ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ.

ئېلۇنچۇنلار ئومۇمەن خىش، كېسەكلەردە سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرغاندىن سىرت، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆيى - «شيەنرېنجۇ»دا ئولتۇرىدۇ، «شيەنرېنجۇ» - ئېلۇنچۇن تىلىدا «كۈن نۇرىغا دالدا جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ ئەتراپلاردىكى خەنزۇلار بۇنداق ئۆيلەرنى «سولوزى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ 30 نەچچە تال ئىنچىكە بادرا بىلەن قوراشتۇرۇلغان يۇملاق شەكىللىك جاھازا بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئۈستىگە قېيىن شاخلىرى يېپىلىدۇ، قىش كۈنلىرى جۇر تېرىسىغا ئوخشاش ھايۋانات تېرىسى بىلەن يۆگىلىدۇ. مەيلى قىش ياكى ياز كۈنلىرى بولسۇن ئوخشاشلا تورۇسىدىن تۈڭلۈك قالدۇرۇلىدۇ، پەقەت يامغۇر-يېشىن ياكى قار ياغقان چاغلاردا ئۈستى بىر پارچە تېرە بىلەن يېپىلىدۇ. ئۆي ئىچىدە ئوچاق ئورنىكى بولمايدۇ. كىشىلەر يەرگىلا تۆشەك سېلىپ ئۇخلايدۇ. ئۆي ئوتتۇرىسىدا گۈلخان بولۇپ ئۇنىڭدا ئىسسىنىدۇ ۋە تاماق پىشۇرىدۇ. «شيەنرېنجۇ» چۇۋۇش ئاسان، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئوۋچىلىق تۇرمۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## دەپنە ئادەتلىرى

ئېلۇنچۇنلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئادەتتە شامالغا دەپنە قىلىش يوسۇنى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق دەپنە ئۇسۇلىدا ئادەم ئۆلسە شۇ كۈنىلا ئۆلگۈچىنىڭ كىيىملىرىنى يۆتكەپ، جەسەتنى تال چىۋىق ياكى قارىغاي شاخلىرى بىلەن تەييارلانغان ساندۇققا سالىدۇ. ساندۇق بولمىسا جەسەتنى قېيىن قوۋزىقى بىلەن يۆگەپ، ئاندىن تۇرار جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئورمانلىقتىن بىر نەچچە دەرەخنى تۇۋرۈك قىلىپ، توغرا ياغاچلار بىلەن ئېگىز جاھازا ھازىرلاپ، ساندۇققا سېلىنغان ياكى قېيىن قوۋزىقىغا ئورالغان جەسەتنى شۇ جاھازا ئۈستىگە قويىدۇ. «شامان» ئەپسۇن ئوقۇغان ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى

تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن دەپنە مۇراسىمىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن جەسەتنىڭ چىرىپ تۈگىشىگە تاشلاپ قويۇلىدۇ. دەرەخكە دەپنە قىلىنغاندا، شۇ جايلارنىڭ كېيىنكى زامانلاردا يولغا قويغان يەرگە دەپنە قىلىشقا ئوخشاش، ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنى بىللە قويىدۇ، ئۆلگۈچى ئەر بولسا، ئۇ ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن ئوۋ قوراللىرى، ئىگەر-جابدۇقلىرىنى بىللە قويىدۇ؛ ئايال بولسا، تېرە ئاشلاش ئەسۋابى، يىپ-يىڭنە قاتارلىق نەرسىلەرنى قويىدۇ، بەزى رايونلاردا ئات ئۆلتۈرۈپ ئاخىرەتلىك قىلىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. دەپنە قىلىپ بىر-ئىككى يىلغىچە جەسەت ساندۇقى قاتارلىق نەرسىلەر يەرگە چۈشۈپ كەتمىسە، شۇملۇق دەپ قاراپ، يەنە شامان تەكلىپ قىلىپ دۇئا-تەلەپ قىلدۇرىدۇ، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ياشلار ۋە ئىككى قات ئاياللار كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنىدۇ. ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا يەرگە دەپنە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇنداق دەپنە ئۇسۇلىدا، مېيىت كۆمۈلۈشتىن ئىلگىرى تەزىيە بىلدۈرۈلۈپ، ئاندىن شامان ئەپسۇن ئوقۇيدۇ.

## ئېلۇنچۈن ئاپتونوم خوشۇنى

بۇ ئاپتونوم خوشۇن ـ 1951-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلغان. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خېلۇنبىر ئايمىقىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 13 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 27 مىڭ 300. بۇنىڭ ئىچىدە ئېلۇنچۈنلار 1400 دىن ئارتۇق. خوشۇندا يەنە ئېۋېنكى، داغۇر، مانجۇ، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار. ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئالىخې بازىرىدا. ئورنى چوڭ خىنگان تېغىنىڭ جەنۇب قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، كۆپ قىسمى قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. تەبىئىي بايلىقى مول. قاراساگراۋ قۇلاق، قارىغاي موگۇسى، شىزاندىرا، كەتىرا، مايمۇن باش موگۇ قاتارلىق قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن بۇغا، سۇلەيسۇن، قارا ئېيىق، توشقان، قىممەتلىك قۇشلاردىن ئاققۇ، قارا توخۇلار بار. كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، كۆمۈر، تۆمۈر قاتارلىقلار چىقىدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەمىت نېغمەت)

## تيەنجىندە 26 خىل ھوقۇق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە بېرىلمەكچى

يېقىندا، تيەنجىن شەھىرىنىڭ ئالىي مائارىپ ئىدارىسى 26 تۈرلۈك ھوقۇقنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە بېرىپ، پۈتۈن شەھەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى مەكتەپ باشقۇرۇش، شتات بەلگىلەش، خىراجەت ئىشلىتىش، راسخوت يىغىش، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ چوڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدىكەن.

بۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەت چۈشۈرگەن يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىغا ئاساسەن، مەكتەپلەر ۋەكالىتەن تەربىيىلەيدىغان ۋە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتا كەسىپ ۋە ئادەم سانىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. چوڭلار مائارىپىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل قاتلاملىق ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش سىنىپلىرى ئېچىلىدۇ، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى بولسا مەكتەپلەر ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مەكتەپلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ بىرلەشمە مەكتەپ ئېچىشىغا، ياقا يۇرتلاردا مەكتەپ ئېچىشىغا، چەت ئەللەردە مەكتەپ ئېچىشىغا ياكى شۆبە مەكتەپلەرنى قۇرۇشىغا يول قويۇلىدۇ.

مەكتەپنىڭ ئىچكى قىسمىدا، مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئېنىق بەلگىلەنگەن زۆرۈر ئورگانلارنى تەسىس قىلغاندىن سىرت، يەنە باشقا ئورگانلارنى تەسىس قىلىش، خادىملارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى مەكتەپلەر ئەركىن تاللاشقا ھوقۇقلۇق، مەكتەپتىكى ھەر خىل خادىملار تيەنجىن شەھىرى دائىرىسىدە ئەركىن يۆتكىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، شتات ۋەمائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە ئالغان ئاساستا، ئوقۇتۇشتا خادىملارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى باھالاش تۈزۈمى بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى بىرگە يولغا قويۇلىدۇ. مائاشى خىزمىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، يۇقىرى ئۇنۋانلىقلارنى تۆۋەن دەرىجە بىلەن، تۆۋەن ئۇنۋانلىقلارنى يۇقىرى دەرىجە بىلەن تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. ھەر خىل خادىملارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە يازدىم پۇل ۋە مۇكاپات سوممىسىنى مەكتەپ ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

(ئالىمجان تاھىر ـ ت) تەھرىرى: قەيسەر ئەركىن




بىڭتۇەن چاقىرغان 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلگىرىلەش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى يېپىلدى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئاساسىي لىنىيە «ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، ئورتاق گۈللىنىش»تىن ئىبارەت. بۇ پارتىيىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى.

ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، ئورتاق گۈللىنىش بىڭتۇەن مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا ئۇ، بىڭتۇەن مىللەتلەر خىزمىتى تەجرىبىلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى. بىڭتۇەن قۇرۇلغاندىن تارتىپلا باشتىن - ئاخىر ئۆز ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ ھاياتى دەپ قاراپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى دەپ تونۇپ، جان- دىلى بىلەن ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، ئورتاق گۈللىنىش يەنىلا نۆۋەتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. نۆۋەتتە خەلقئارادىكى كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى بىر ئوچۇم كۈچلەر، مىللىي، دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا؛ دۆلىتىمىز ئىچىدىمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۇلار بىلەن يىراقتىن ماسلىشىپ، مىللىي، دىنىي مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىش تېرىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنماقتا. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي رايونلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش قەدىمىنى

تېزلىتىشىمىزگە سىگنال بولماقتا. ھەر مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىگتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىزمەتنى ياخشى تۇتۇشى لازىم:

بىرىنچى، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش لازىم. مىللەتلەر خىزمىتى پارتىيىنىڭ مۇھىم بىر خىزمىتى، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش پارتىيىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ھازىرقى باسقۇچتا مىللىي مەسىلە پەيدا قىلىدىغان ئامىللار يەنىلا ناھايىتى كۆپ، مىللىي مەسىلەرمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىپادىلەنمەكتە، بۇ مەسىلەرنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىكى فۇنكسىيىلىك تارماق، شۇڭا، ئۇنىڭدىكى خىزمەتچى خادىملار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە مەسىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ھازىرقى باسقۇچتا مىللىي مەسىلە پەيدا قىلىۋاتقان ھەر خىل ئامىللارنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، مۇقىمسىزلىق، تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدە ياخشى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم.

ئىككىنچى، مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە خىزمەت قىلدۇرۇپ، جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش لازىم. بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىمىز چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم. ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرگەندىلا ئاندىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنى نامراتلىق، قالاقلىق ھالىتىنى تۈزۈل - كېسەل قۇتقازغىلى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ماددىي ئاساس سالغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشتا ئىپادىلەنمەكتە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: سوتسىيالىزمنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما تۈپ نېگىزى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسىنى يارىتىشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. يولداش جياڭ زېمىنمۇ: مىللىي رايونلاردا ساقلىنىۋاتقان زىددىيەت ۋە مەسىلەرنى يەنىلا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ ھەل قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. مانا بۇلار مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پارتىيىنىڭ زور فاڭجېنلىرىغا ئەمەل قىلىپ، يېقىندا مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ «مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا چېتىلىدىغان زور سىياسەت، تەدبىرلەرنى بېكىتكەندە، مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىم» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئاپپاراتلارغا قىممەتلىك، سالمىقى بار پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ، مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچىنى تەقدىم قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا قارىتا يەنىمۇ كەڭ ئېچىپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىگىلىكى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ مۇقەررەر يولى. مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىگىلىك تەرەققىياتى جەھەتتىلا پەرق بولۇپ قالماستىن، مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاش جەھەتلەردىمۇ پەرق بار. بۇنىڭدا سەۋەبلەر ئىنتايىن كۆپ، ئەمما تۈپ نېگىزى يەنىلا ئىدىيە ھەقىقىي ئازاد قىلىنمىدى، كۆز قاراش قالاق، ئىسلاھات كۈچى ئاجىز. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، بىز مىللىي رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز، مىللىي رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز، مىللىي

رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىنى خىزمەتلىرىمىزنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن - ئىشلەنمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش جەھەتتە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن كەڭ، زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇش ئۇسلۇبىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئاممىنى ئىدىيىنى ئازاد قىلىشقا يېتەكلەپ، كۆز قارىشىنى يېڭىلاپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە پائال ئاتلىنىپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىگىلىك، مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئۈچىنچى، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش لازىم. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىيات ئىشلىرى كۈنسايىن راۋاجلانماقتا. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك ھەم نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش رايون، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ھامان شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىدىن ئايرىپ چىقىشنى خىيال قىلماقتا. مانا بۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ بىر مەيدان جىددىي سىياسىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز، بۇ كۈرەشتە، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ئۈلگە بولۇشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى بىرلىكتە زىممىسىگە ئېلىشى، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ بىر مەيدان كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، ئالغا ئىلگىرىلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

## ھېكمەت دۇنياسى

ئۆزىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئېھتىياجى ئۈستىدە ئەمدى باش قاتۇرمايلى. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئويلاپ كۆرەيلى. ئاندىن خوشامەتنى ئۇنتۇپ، سەممىي ۋە چىن كۆڭلىمىزدىن ماختايلى. «ماختاشتا راستچىل، مەدىيىلەشتە مەردانە بولۇش لازىم»، مۇشۇنداق قىلغاندا، كىشىلەر سىزنىڭ سۆزىڭىزنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنى گۆھەر دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۆمۈرۋايەت تەكرارلاپ تۇرىدۇ، ھەتتا سەن ئۇنى ئۇنتۇپ قالساڭمۇ تەكرارلاپ تۇرىدۇ.

— دېيىل كارنېگ

بىر ئادەمنىڭ ياخشى تەرىپىنى ماختاش، ئاندىن ئۇنىڭ كەمچىلىكىنى تۈگىتىشكە ئاستا-ئاستا ياردەم بېرىش لازىم. بۇ ئۇسۇل ئىشخانىدىمۇ، زاۋۇتتىمۇ، ئۆيدىمۇ ئۈنۈم بېرىدۇ؛ خوتۇنغىمۇ، بالىلارغىمۇ، ئاتا-ئانىغىمۇ ۋە دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرگىمۇ شىپا بولىدۇ.

— دېيىل كارنېگ

بىر ئادەم ھاياتلىق سەپىرىدە ئالغا ئىلگىرىلىگەندە، ھەر ۋاقىت يېڭى دوستلارنى تۇتمىسا، ئۆزىنىڭ يېتىم قالغانلىقىنى تېز بايقىۋالىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ دوستلۇقىنى ھەر قانداق چاغدا ئوڭشاپ تۇرۇشى كېرەك.

سەل قاراش ۋە سۈكۈت قىلىش ئارقىسىدا، دوستلۇقنىڭ بارا-بارا ئاجىزلاپ كېتىشى ۋە ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا يول قويۇش راستتىنلا ئەقىلسىزلىق بولىدۇ؛ بۇنداق قىلىش كىشىنى چارچىتىدىغان ئىنسانىيەت سەپىرىدە ئەڭ زور بىر تەسەللىيدىن ۋاز كەچكەنلىك بىلەن باراۋەر.

— ساموئېل جونسون

# ئۆزىمىزنى قەدىرلەيلى

ئەختەم ئۆمەر



بىر يولۇچى ئاپتوبۇسنى توستى. شوپۇر بەش كوي بېرىسەن، دېدى. يولۇچى رازى بولۇپ ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە، ئۇ گېپىدىن يېنىۋېلىپ ئىككى كوي بەردى. شوپۇر بەش كويغا پۈتۈشكەنلىكىنى دېسە، ئۇ ياق، سەن ئۇنداق دېمىگەن، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شوپۇر ئۇنىڭ ئىككى كويىنى يىرتىپ يەرگە تاشلاپ:

ـ ئىست، سۆلىتىڭگە قارىسا مەندەك شوپۇردىن نەچچىنى سېتىۋالغۇدەك تۇرىسەن، ئەمما كۆڭلىڭنىڭ پەسلىكىدىن مەن سېنى تىرىنقىمغا ئالمايمەن، چۈشە، سېنىڭ پۇلۇڭنى ئالغۇچە، تىلەپ يەرمەن، دەپ مېڭىپ كەتتى. ھېلىقى سۆلەتلىك يولۇچى يۈزىنى داپتەك قىلىپ، كۆزىنى قىسىپ ھجىيىپ قالدى. بۇ ئادەمنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتى رەزىل بىر مەنزىرىدەك كۆز ئالدىمدا پات ـ پات پەيدا بولىدۇ. ئۇ، شوپۇر ھەم بىر توپ يولۇچى ئالدىدا ئۈچ كوي ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئادەملىك قەدىر ـ قىممىتىنى سېتىپ، يەنە ئۆزىنىڭ بىر رەزىل مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەي، بۇ دۇنيادىن ئۆتىدۇ. ئۇچىسىدىكى نەچچە مىڭ يۈەنلىك كىيىم ئۇنى ئادەملىك قىياپەتكە ھەرگىز كەلتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ دوستلىرى، ئايالى، بالىلىرى، مەھەللە جامائىتى ئالدىدا قانچىلىك ئىناۋىتى باردۇر؟ خەق، ھەتتا بالىلىرى ئۇنى ھۆرمەت قىلامدىغاندۇ؟

بىر ياش بىرسىنىڭ موتىسكلىتىنى سوراپ مىندى. ئەمما سوقۇۋېلىپ ئىگىۋېتىپ «ئەجەب سەت سۆرەيدىغان قوپال موتىسكلىتكەن» دەپ ئەكىلىپ تاشلاپ بەردى. ئەگەر بۇ ياش ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلگەن بولسا، ئۇنى رېمونت قىلغۇزۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن چىرايلىقچە ئەپۇ سورىغان بولاتتى. بىرسى داستىخاندا ئولتۇرۇپ بۆرىنى تارتىۋىدى، دوستى «ئاداش، تالاغا بىر چىقىپ كىرىڭلار، بۆرىنىڭلاردىن ئىچىڭلار پۇشمىدىمۇ؟» دېدى. ئۇ ياش «تارتسام ئۆزۈمنىڭ بۆرىنى، ئىشىڭنى قىل» دېدى. مانا شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئۆزى خورلىدى. بىر موزدۇزنىڭ بۈگۈن يامغان يامىقى ئەتىسى سۆكۈلۈپ كەتتى. بۇ موزدۇزمۇ ئۆزىنى قەدىرلىمىدى. بىزنىڭ بەزى ماللىرىمىز دەسلەپ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىققاندا، شۇنداق قەدىر ـ قىممەتلىك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما بۇ ماللار ساختا بولغانلىقتىن ئۆزۈنغا قالماي قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتتى، كىشىلەر كەمسىتىپ ھاقارەتلەيدىغان بولدى. دېمەك ھەر بىرىمىز كىشىلەر ئارىسىدا خەق بىلمىدى، كۆرمىدى، قىلىۋالدىم، دەپ ئالدامچىلىق قىلساق، شۇ ۋاقىتتا ئۆز قەدىر ـ قىممىتىمىزدىن ئايرىلغان بولىمىز. يۈتمىز تۇرۇپ ماڭالمىدىم، يۆلەپ قويساڭ دەپ يالۋۇرساڭ، شۇ يۆلەپ ماڭغۇچى ئالدىدا ئۆزىمىزنى قەدىرلىمىگەن بولىمىز.

ھەر بىرىمىز «مەن ئۆزۈمنى قانچىلىك قەدىرلەيمەن» دېگەن سوئال بىلەن ئويلىنىپ باقايلى. شۇندىلا ئادەملىك دەرىجىمىزنى ئاسان بىلىۋالالايمىز.

تەھرىرى: **ئى. بارات**

## ئىلغار ئورۇنلار

قاغىلىق ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى

قاغىلىق ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى

خوتەن ۋىلايەتلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

گۇما ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

قاراقاش ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

نىيە ناھىيىلىك مىللىي-دىنىي ئىشلار ئىدارىسى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

ئاتۇش شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

## ئىلغار شەخسلەر

**تۇرسۇن ھەبىبۇللا** (قاغىلىق ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**مەھەممەت مەمەت** (قاغىلىق ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**تۇرۇپ ئوبۇل** (قاغىلىق ناھىيىلىك تەمىنات-سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى)

**ئابدۇۋەلى ئابدۇللا** (قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پونكىتىنىڭ باشلىقى)

**ھېي توختىسىيت** (قاغىلىق ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**يۈسۈپ ئابدۇللا** (قاغىلىق ناھىيىلىك باغۇەنچىلىك مەيدانىنىڭ باشلىقى)

**كېرىمموللا تۇردى** (قاغىلىق ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**تۇرسۇن ئابدۇقادىر** (قاغىلىق ناھىيە چارباغ بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى)

**ئابدۇقادىر قاۋۇل** (قاغىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**ئابدۇقادىر ئىسمائىل** (خوتەن ۋىلايەتلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**قۇربان نىياز** (گۇما ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**لوۋېشىن** (خەنزۇ، قاراقاش ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

## شەرەپ

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا بەش خىل تىلدا نەشر قىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىر مۇنچە جايلار ۋە تارماقلار، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشتىرى سانىنى كۆپەيتىش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس ھۆججەتلەرنى

# مۇنبىرى

تارقاتقان ئىدى. ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە مەرىپەتپەرۋەر ھەر مىللەت خەلقى بۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، 1994-يىلى ئۇيغۇرچە ژۇرنىلىمىز تىراژىنىڭ 40 مىڭغا يېتىشىدە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. تۆۋەندىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئەنە شۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى. بىز ئۇلارغا ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمىز ۋە تەشەككۈر ئېيتىمىز.

مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللار نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبىسى

1994-يىل 10-ئۆكتەبىر

**ئىمىنوۋ** (خوتەن ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى)

**ئۆمەرجان** (لوپ ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

**غۇلام** (چىرا ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

**ئوبۇلھەسەن قارىم** (كېرىيە ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

**جاپپار چاۋار** (قاراقاش ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ كادىرى)

**ئابلا روزى** (گۇما ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ كادىرى)

**ئەخمەتجان قۇربان** (خوتەن ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى)

**مەتقۇربان روزى** (نىيە ناھىيىلىك مىللىي-دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**قۇربانىنىياز قادىر** (چىرا ناھىيىلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**كامال تۇرۇپ** (خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى)

**ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى** (خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

**مەتىمىن تۇردى** (خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ كادىرى)

**ئابلىم غوپۇر** (قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**تۇردى ئېلى** (قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يەككە ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى)

**تۇرسۇن قاسىم** (ئاتۇش شەھەرلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

**ئەمرۇللا** (ئاتۇش شەھەرلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى)

**مىرزا ئابدۇللا** (ئاقتۇ ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

# ئەلنى سۆيگەننى ئەل سۆيەر

گوڭ جيەنشى

زىمىنەپ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇمۇل بوستانلىقىغا يېتىپ بارغاندا، قۇمۇل خەلقى زىمىنەپنى جان-جېنىمىزغا ئەسقاتىدىغان ئىسمى-جىسمىغا لايىق تۆھپىكارىمىز، ئۆز يۇرتى، ئۆز خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، دەپ تەرىپلەشتى.

بۇندىن ئون يىل بۇرۇن، ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن زىمىنەپ شىخەنزە يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ھەمدە داۋاملىق بىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدە تېخنىك بولۇپ ئىشلىدى، كەنتتىكىلەر ئۇنى يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگەن شۇڭقارىمىز، دەپ ماختاشتى. زىمىنەپ ئەل يۇرتىنىڭ ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە زور ئۈمىدىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاقلاش ئىرادىسىگە كەلدى.

ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدىكى دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى كونىچە ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلاتتى، 60-يىللاردا يېتىشتۈرۈلگەن «قەشقەر ئاق بۇغدىيى» ۋە «يوغانباشاق» دېگەنگە ئوخشاش بۇغداي سورتلىرىنى تېرىيتتى. بۇ بۇغدايلارنىڭ سورتى ساپ ئەمەس، مەھسۇلاتى تۆۋەن ئىدى، بۇ بۇغدايلارنى تېرىغانسېرى يەر شۇنچە مۇنبەتسىزلىنىپ كېتەتتى، دېھقانلارمۇ نامراتلىققا بارغانسېرى چوڭقۇر پاتاتتى. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، قۇمۇل ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ھال دېھقانلارنىڭ يەر تېرىش ئاكتىپلىقى ۋە قۇمۇل سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن زىمىنەپ يېڭى سورت كىرگۈزۈش، سورتنى يېڭىلاش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئىدارە رەھبەرلىكى ۋە يولداشلارنىڭ قوللىشى، ماسلىشىشى بىلەن، ئۇ ئۆزى تورۇۋاتقان يەرنىڭ تۇپراق، كىلىمات، سۇ مەنبەسى قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، «يېڭى باھار 2- نومۇرلۇق» بۇغداي سورتىنى يۈرەكلىك ھالدا تەجرىبە قىلىپ كېڭەيتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. كېيىن يەنە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شۇ يەردە قات تېرىلىدىغان «60 كۈنلۈك قوناق»نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇددىتى قىسقا، مەھسۇلاتى تۆۋەن، قوياش نۇرى مەنبەسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ باشقا جايلاردىن قات تېرىلىدىغان قوناقنىڭ سەككىز خىل سورتىنى كىرگۈزۈپ، ئۈچ يىل ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، تۇرگە ئايرىپ شالغۇتلاپ، قۇمۇل تۇزلەڭلىكىدە قات تېرىشقا ماس كېلىدىغان قوناقنىڭ «قاراقاش 8261 -نومۇرلۇق» يېڭى سورتىنى تاللاپ، زور كۆلەمدە كېڭەيتتى. بۇ سورتنىڭ بىرلىك مو مەھسۇلات مىقدارى 735.5 جىڭغا يېتىپ، ئەسلىدىكى «60 كۈنلۈك قوناق»نىڭ ھەر بىر مو مەھسۇلات مىقدارىدىن 388.8 جىڭ ئاشتى. بۇ قۇمۇل تۇزلەڭلىكىنىڭ ئىككى يىل ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى دېگەن نامى بار بۇ شەھەر ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان بولۇپ، سىرتتىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىدىغان تارىخقا خاتىمە بەردى.

زىمىنەپ ئۈچ يىل تىنماي ئىزلەندى، جاپالىق ئىشلىدى، كۈندۈزى ئېتىزدا زىرائەتلەرنى كۆزەتتى، ئىلمىي مەشغۇلات ئېلىپ باردى، كېچىسى ئىشخانىدا خاتىرە رەتلىدى، ماتېرىيال كۆردى. مايسا يېتىشتۈرۈش، ئۇرۇق چىلاش، تېرىش، مايسا تاقلاش، چاڭلاشتۇرۇشتىن يىغىپ ئامبارغا ئەكىرگەنگە قەدەر ھەممە ئىشقا ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشتى. زىمىنەپ پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىشتە تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىسمى-جىسمىغا لايىق مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەن شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

زىمىنەپ تۇزلەڭلىكتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، نەزىرىنى تاغلىق رايونغا تىكتى. ئۇ تەگرى تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان تيانشان رايونى ۋە دەۋلەتدۆرۈك



تەمبۇر          جىڭ جېيجۇڭ سىزغان







تاجىك قىزى    جىن جىيخۇڭ سىزغان



«كۆمۈش كىيىم»    جۇشيۇچىڭ سىزغان



جاۋجشېڭ سىزغان





| 1 | 2 |
|---|---|
| 3 | 4 |

موڭغۇل

قىزلىرىنىڭ

كىيىم - كېچەك

ۋە زىبۇزىننەت

بۇيۇملىرى







هۆسن خەت ئەسەرلەردىن تاللانما










① ② ③ مىجىت سابىر يازغان
④ ⑤ ئەركىنجان مۇھەممەت يازغان

قازاق يېزىسىغا بېرىپ، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. بۇ يەرنىڭ تاغلىرى ئېگىز، سۈيى كەمچىل بولغاچقا، ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلدىن يىلغا ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچ ۋاقلىققا قارا ئاشلىق يەيتتى. توك بولمىغاچقا، ئاخشىمى كىرسىن چىراغ ياقاتتى، تۈزۈكرەك پۇلمۇ يوق ئىدى، زېمىنەپمۇ كۈندە دېگۈدەك زاغرا يەيتتى. بەزىدە ئۆزى ئالغاچ كەلگەن ئازراق ئاق ئۇن بىلەن بىرەر ۋاق سۇيۇقئاش ئېتىپ ئىچىۋالسا ئېسىل تاماق يېگەن بولاتتى. كۈندۈزى پېژغىرىم ئاپتاپتا دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە ئېتىزدا ئىشلىدى. ئۇسسىسا ئېرىق سۈيى ئىچتى، قورسىقى ئاچسا زاغرا يېدى، ئاخشاملىرى ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ دېھقانلارغا پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتتى، كىرسىن چىراغدا ماتېرىيال كۆردى، خاتىرىلەرنى تەكشۈردى. ئۇ قانچىلىغان كېچىلەرنى كىرسىن چىراغ تۈۋىدە ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدى، ئاسمىنى كەڭ، جىمجىت بۇ تاغ رايونىدا بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، جىمجىتلىق، يالغۇزلۇق زېمىنەپنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇردى، زېمىنەپنىڭ قەلبىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئۈمىد يالقۇنىنى بارغانسېرى ئۇلغايتتى.

ئارىدىن يەنە ئۈچ يىل ئۆتتى. زېمىنەپ تاغلىق رايونغا ئېلىپ كىرگەن بۇغداي سورتى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، شۇ جاينىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 700 مو يەردىكى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 750 جىڭغا، 1000 مو يەردىكى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 650 جىڭغا يەتتى، 1770 مو يەرنىڭ ياۋا سۇلۇدىن مۇداپىئەلىنىش نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن ئاشتى. دۆلەتدۆرۈك قازاق يېزىسىدا زېمىنەپ تېخنىكىنى يېزا-كەنتلەرگە ھۆددىگە بېرىش، كەنتلەر ئەترەتلەرگە ھۆددىگە بېرىش، ئەترەتلەر شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىشتەك قاتلاممۇقاتلام ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، بۇ يېزىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 730 مىڭ جىڭدىن 920 مىڭ جىڭغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن دېھقان، چارۋىچىلار يەيدىغان ئاشلىقنى تاغ ئارقىسىدىن سېتىپ ئەكېلىدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. زېمىنەپ يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭماقچى بولغاندا، دېھقان، چارۋىچىلار تەرەپ-تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، زېمىنەپنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ يەر سىزنىڭ يۇرتىڭىز، بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ھەر يىلى ۋاقىت چىقىرىپ بىزنى يوقلاپ تۇرۇڭ» دېيىشتى. زېمىنەپ كەتتى. دېھقان، چارۋىچىلار ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشتى، ئۇلار يىراققا كېتىۋاتقان زېمىنەپتىن سۆيۈنەتتى، ئۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇيتتى.

ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشقا چاقىرىق قىلدى. قۇمۇل شەھىرى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش قەدىمىنى تېزلەتتى، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قاتتىق كۆرسەتكۈچ چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن زېمىنەپ پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش سېپىگە قاتناشتى. شەھەر ئىچى يېزىسىدا 11 نامرات ئائىلە بار بولۇپ، بۇلار باشقىلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ھۆددىگە ئالمىغان ئائىلىلەر ئىدى، ئۇلار نامرات بولغاندىمۇ بەكلا نامرات ئىدى، بەزىلىرى يېتىم-يېسىرلار، بەزىلىرى يىل بويى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كېسەلمەنلەر، بەزىلىرى گاس-گاچا ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرەر ئېشىكى ياكى قول ھارۋىسىمۇ يوق ئىدى. زېمىنەپ بۇ ئەھۋالدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى، خۇددى تالاي-تالاي ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تاۋلانغان سەركەردىدەك بۇ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ يىل ئاخىرىغا بارغاندا، شەھەر چۈشۈرۈپ بەرگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 200 يۈەنگە، ئاشلىقىنى 500 جىڭغا يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەردى. بۇ كۆرسەتكۈچ تەرەققىي قىلغان رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ بىر، ئىككى ۋاق تامىقىنىڭ پۇلىغىلا چىقىش قىلاتتى، ۋەھالەنكى نامرات رايونلاردىكى دېھقانلار 365 كۈننى قورۇنۇپ قىسىنىپ ئاران توشقۇزىدۇ. زېمىنەپ نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نادانلىقنى تۈگىتىش كېرەك، نادانلىق ۋە ھورۇنلۇق جۇڭگودىكى نامراتلىق ۋە قالاقلىقنىڭ مەنبەسى، ھورۇنلۇق جاھىل كېلىدۇ، نادانلىق نامراتلىقنىڭ يىلتىزى دەپ قارايتتى. زېمىنەپ ئۆزى ئۈچۈن پىلان جەدۋىلى تۈزۈپ، سۈبھى بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ، ئاسماننى يۇلتۇز قاپلىغاندا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ دېھقانلارغا پەن-تېخنىكا

بىلىملىرىنى ئۆگەتتى، بېيىشنىڭ يوللىرىنى چۈشەندۈردى، ئۇلارنىڭ نامراتلىقنىڭ مەنبەسىنى تېپىپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەم بەردى. دېھقانلارنى پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە قايىل قىلىپ، ئاتا-ئانىلارنى ئوقۇشسىز قالغان بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى ... ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بېرىدىغانلا ئىش بولسا ئۇ ھاردىم-تالدىم دېمەي، زېرىكمەي -تېرىكمەي ئىشلىدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ مېۋىلىك باغ قىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى، ئۇلارنى بازار ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىدى، باشقۇرۇش، تىجارەت بىلىملىرىنى ئۆگەتتى، ئۇلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئارا ۋاقتىلىرىدىن ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوقەت قىلىشقا يېتەكلىدى. زەينەپ بىرەر قېتىممۇ قېنىپ ئۇخلاپ باقمىدى، ئۇچ ۋاق تامىقىنى ۋاقتىدا يېگەن ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. مېھرىبان ئانىسى ياداپ كەتكەن قىزىغا قاراپ، ئىچى ئاغرىپ: «قىزىم ئۆزۈڭنى ئايايراق ئىشلە، تۇرمۇش ئىشىدا ‹نامرات ئائىلە› بولۇپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ ‹نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش›ىغا مۇھتاج بولۇپ قالمىغىن» دەپ نەسىھەت قىلاتتى، بۇنداق چاغلاردا زەينەپ كۈلۈپ قويۇپ: «ئەجىرسىز نەتىجە بولماس» دەيتتى. ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ھېسابات قىلىنغاندا، ئۇ ھۆددىگە ئالغان 11 ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 451.29 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى 995 جىڭغا يېتىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچتىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن نامرات ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۇچىسىغا يېڭى كىيىم چىقتى، ۋېلىسىپىتلىك، ئىشەك ھارۋىلىق بولۇپ قالدى. بالىلارمۇ بوقچىلىرىنى ئېسىپ مەكتەپكە باردى، نامرات دېگەن قالپاقتىن قۇتۇلغان ھەرقانداق ئادەم كۆڭلىنىڭ يورۇقلۇقىنى ۋە ئىللىقلىقىنى قانداقمۇ ھېس قىلمىسۇن؟ زەينەپ دېھقانلار ئۇچۇن، بوران-يامغۇر دېمەي، پاتقاق سۇ كېچىپ چېپىپ يۈرگەن بولسىمۇ، يۇرتداشلىرىنىڭ بېغىدىكى بىرەر تال مېۋىنىمۇ تېتىپ باقمىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان مويسىپىتلار زەينەپنىڭ زىلۋا قامىتىگە قاراپ، ياخشى ئادەمگە ياخشى جۈرە تېپىلىدۇ، دەپ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا بەخت تىلەشەتتى.

1992-يىلى، ئۇ بىر پارتىيە ئەزاسى سۈپىتىدە شەرەپلىك ھالدا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 14-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

1992-يىلى، تەشكىل زەينەپنى شەھەر ئەتراپى يېزىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇ خىزمەتكە چۈشكەن كۈنىلا دايىن كەنتىگە چۈشۈپ، سوتسىيالىستىك تەربىيىسى ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئېغىر ئاياغ ئىدى، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۇچۇن، ئۇ يولدىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بالىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، ئىككىنچى كۈنى يېزىغا چۈشۈپ نۇقتىدا تۇرۇپ، جان-دىل بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. 1993-يىلىنىڭ بېشىدا، يېزىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، پۈتۈن يېزىدىكى سايلىغۇچىلار ئۇنى يېزا باشلىقلىقىغا سايلاشقا بىردەك ئاۋاز بېرىپ، پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. زەينەپ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بۇ يۈكنى ئۈستىگە ئېلىپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن بۇ تۇپراقتا ئىشنى باشلىۋەتتى. يېزىدا ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلغاندا، ئۇ 300 يۈەن ئىئانە قىلدى؛ شەھەر پۇقرالارنى خالىس قان بېرىشكە چاقىرىق قىلغاندا، زەينەپ تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، تۇنجى بولۇپ يېگىنى تۇرۇپ قان بېرىشكە تەييار تۇردى... ئۇرمەبەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئاددىي بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ نەمۇنىلىك ئوبرازىنى تىكلىدى. ئۇن يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 8-مارت قىزىل بايراقدارى، يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇن ياشنىڭ بىرى، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى تەرەققىياتىدىكى ئىلغار شەخس قاتارلىق 20 نەچچە شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇ ھەر خىل شەرەپ ئالدىدا ناھايىتى سالماق بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ ياشىشى شەرەپ ئۇچۇن ئەمەس ئىدى، ئۇ پەقەت مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قەد كۆتۈرۈشى ئۇچۇن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

**(غالىپ ھەسەن- ت)**

تەھرىرى: **ئەكبەر ئېلى**



# ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى

**مۇھەممەت تۇرسۇن مەنسۇر**

ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كەسىپ -تېخنىكا مائارىپى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىدا يۈز بەرگەن تارىخي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە ماس ئىلگىرىلىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلەن مائارىپ ئەمەلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى مائارىپ ئوبيېكتىنى ئەسلىدىكى نوقۇل مائارىپ بىلەن ئادەم تەرەققىيات مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى چەكلىمىدىن مائارىپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشقىچە كەڭمەيتتى. يەنى مائارىپ بىلەن سىياسىي، مائارىپ بىلەن ئىقتىساد، مائارىپ بىلەن تۇرمۇش، مائارىپ بىلەن نوپۇس، مائارىپ بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى بىزنىڭ كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق مەكتەپ ئېچىۋېتىشىمىزنى بەلگىلىدى. ئېنىقكى بۈگۈنكى مائارىپ ئەتىكى پەن - تېخنىكىنى، ئۆگۈنكى ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلىيەلەيدىغان زامانىۋى مائارىپ بولۇشى زۆرۈر. ئېلىمىزدە، 1991 - يىلىغىچە تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى ھەر خىل كەسىپ- تېخنىكا مەكتەپلىرى 16 مىڭ 210 غا، ئوقۇغۇچىسى 6 مىليون 330 مىڭغا يېتىپ 1980 - يىلىدىكىدىن 2.8 ھەسسە كۆپەيدى. يەنى 1991 - يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسىپ - تېخنىك مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى پۈتكۈل تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇتقۇچى سانىنىڭ 50.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جايلاردا بىر تۈركۈم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسىپ - تېخنىكا مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ شۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن خادىملار سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مۇلازىمەت ساھەلىرىدە تايانچ بولۇپ كۆزگە كۆرۈندى. كەسىپ - تېخنىكامائارىپى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ جەمئىيەتتىكى كەسىپ - تېخنىكا مائارىپىنى تۆۋەن كۆرىدىغان ناچار قاراشلار ئۆزگەردى. ئېلىمىزدە كەسىپ -تېخنىكا مائارىپى، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئېھتىياجى تۆپەيلى 1950 - يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ كۆلەم ۋە سۈپەت جەھەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. گەۋۋىيۈەن قارار ماقۇللاپ كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈنتەرتىپكە قويۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بولۇپمۇ شىنجاڭدا بۇ مۇھىم ئىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى تازا يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا كەسىپ - تېخنىكا مائارىپىنىڭ مائارىپ قۇرۇلما ئىسلاھاتىدا بىر بوشۇش ئېغىزى ئىگەنلىكى مۇئەييەنلىشىپ قالدى. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ۋە نامرات جايلاردا خەلق مائارىپى خەلقىنىڭ «جانجان مەنپەئىتى» بىلەن زىچ بىرلەشمىسە بولمايدۇ. شۇڭا بىرىنچىدىن، كەسىپ - تېخنىكامائارىپىنىڭ مىللىي مائارىپ تەركىبىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچىدىن، كەسىپ -تېخنىكا مائارىپىنىڭ كۆۋدىلىك ئىقتىسادىي فۇنكسىيە ھەم تەرەققىياتنىڭ چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز لازىم. بۇنىڭدىكى سەۋەب:

1. ئېلىمىزدە تەخمىنەن 92 مىليون ئاز سانلىق مىللەت خەلقى بار. ئۇلار ئولتۇراقلاشقان يەر كۆلىمى پۈتكۈل مەملىكەت كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە كېلىپ بۇ رايونلارنىڭ يەر ئاستى، ئۈستى بايلىق ئەۋزەللىكى يۇقىرى، پەقەت ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ساپاسىلا بىر قەدەر تۆۋەن؛ تۆۋەنلىك تەلىم - تەربىيىنىڭ ئاجىزلىقىنى

چۈشەندۈرىدۇ. ئالايلى، ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ئىچىدە مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىپلومى بىرەر ستانوك، ماشىنا ئاپپاراتنى قايتا قۇراشتۇرۇشقا قاراپ بېرىلىدۇ. دانىيە ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە كەسپىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەنلەرنى ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. گېرمانىيىدە 80 يىللىرىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ 90 پىرسەنتى كەسىپ - تېخنىكا مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار.

2. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تەبىئىي بايلىق، ئىجتىمائىي بايلىق ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقى ۋە پەن - تېخنىكا بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى تەربىيىسى كۆرگەنلەرنى ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ماس ھالدا كۆپەيتكىلى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ.

باي بولۇشنىڭ ئەزەلدىن ئىشىكى، يولى بولغان ئەمەس. پەقەت ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنالمايدىغان تېخنىكا ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولساقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالايمىز. كەتمەن چېپىپ يېزا ئىگىلىكى، پادا بېقىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىشكە بولمايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ ئېپى بار. ئېپىنى تېپىش ئۈچۈن پەن - تېخنىكىغا مۇراجىئەت قىلماي مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىمۇ چۈشىنىش لازىمكى، كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئادەتتىكى مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغانغا ئوخشىمايدۇ. يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشتە، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك بولۇشتا، قىسمەنلىكتىن ئومۇمىيلىققا ئىلگىرىلەشتە قەدەمنى دادىل ئەمما قىسقا - قىسقا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇتلەق دورامچىلىق، كۆچەمچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. يەنى تەلىم - تەربىيىنى ئىشلەپچىقىرىش مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىش قۇرۇلمىسى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا شۇ جاي، شۇ ئورۇننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەسىپ - تېخنىكا مائارىپ قۇرۇلمىسىنى بىر قەدەر تېز بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى، دوسكىدا، خەرىتىدە، قەغەز ئۈستىدە جەڭ قىلىشنى رەت قىلىدۇ. يۇقىرىلاپ ئوقۇش چەكلىمىگە دۇچ كەلگەن% 70 ياش - ئۆسمۈر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قورغۇچىسىغا ئايلىنىش ئۈچۈن «ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇنقى» تەلىم - تەربىيىنى مۇكەممەل ئېلىشى لازىم، يىلدىن - يىلغا ھاللىنىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتە مىللىي مائارىپتا مائارىپ فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يۇقىرىلاپ ئوقۇشنىمۇ، كەسىپ - تېخنىكا تەلىم - تەربىيىنىمۇ ئوخشاش چىڭ تۇتۇش، بولۇپمۇ ناھىيىدىن تۆۋەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ئورۇنلىرىدا شۇ جاي شۇ ئورۇننىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن كەسىپ - تېخنىكا مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز لازىم.

(ئاپتورى: قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى)

**تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى**

## ھېكمەتلەر

* بىر دانىشمەندىن:

قايسى ئادەم، قايسى مىللەت ئەڭ ئەلا؟ - دەپ سورىدى. ئۇ دانىشمەن ئىككى قولىغا توپا ئېلىپ:

- مانا بۇ ئىككى قولۇمدىكى توپىنىڭ قايسىسى ئەلا؟ - دېدى. كېيىن ئىككى قولىدىكى توپىنى بىر - بىرىگە قوشۇپ ئېيتتى:

- ئىككى قولۇمدىكى توپىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى بولمىغانلىقىغا ئوخشاش، ھەممە خەلق، ھەممە مىللەت بىر - بىرىگە ئوخشاشتۇر.

* ئەقىللىق ئادەم باشقا ئادەمنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئۆزى شۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، ياشلىق چېغىڭىزدا پەزىلەت ئارتتۇرۇش ئۈچۈن زەخمەت چەكسىڭىز، قېرىغاندا پەزىلەتنىڭ ئۆزى سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

* بۇ گۈزەل خىسلەتلەر ئادەمگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ: ھايا، ساخاۋەت، كەمتەرلىك، مېھنەت، مەردلىك، نومۇس، ۋەدىگە ۋاپا قىلماق، ئادالەت، شىجائەت.

بۇ يامان خىسلەتلەر ئادەمنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ: ھەسەت، ئاداۋەت، بېخىللىق، يالغانچىلىق، مۇناپىقلىق، چېقىمچىلىق، خىيانەت، جاھىللىق ۋە ھورۇنلۇق.

* شائىر ئابدۇللا ئەۋلانىي ئېيتىدۇ:

- ئىغۋا ۋە چېقىمچىلىق ئەڭ يارىماس سۈپەت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يامان سۈپەتنى ئۆزلىرىگە مۈلۈك قىلىپ ئالغان كىشىلەر خەلق نەزەرىدە مۇناپىق سانىلىدۇ. ئىككى كىشى ئارىسىدا سۆز يۈرگۈزۈپ، بىرىنى باشقا بىرىگە دۈشمەن قىلغان، ئىككى تەرەپكە ئاداۋەت ئوتىنى يېقىپ ئۇلارنى بىر - بىرىدىن جۇدا قىلغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا زەررىچە ئىنسانىيەت تۇيغۇسى بولمايدۇ، بۇلار ۋىجدانسىز، نومۇسسىز كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەزەر قىلىڭلار!

ئۆزبېكچە «ئەدەبنامە» دېگەن كىتابتىن

**خەمىت ئېغمەت تەييارلىغان**

# ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىدىن بىر قانچە مىسال

غەيرەتجان ئوسمان

مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول. بۇ خىل قىممەتلىك خىزمەتنى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ئىشلەپ چىققان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىمىز ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك ساھەسىدە ئىشلىگەن ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

جۇڭگو تەرجىمىچىلىك تارىخى ۋە بەزى يەككە ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ھەققىدە ئېلىمىز ئاپتورلىرى ئىزدىنىشلەردە بولۇپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەمما، بەزىلەردە پەقەت خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىنىلا ئېتىبارغا ئالىدىغان بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەن ئەمەلىي سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەينى چاغلاردا ئېلىمىزدە باشقا تىللاردا تەرجىمىسى ئىشلەنمىگەن، ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ جۇڭگو تەرجىمىچىلىك تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

## 1. «ئېزوپ مەسەللىرى»نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى

«ئېزوپ مەسەللىرى» يۇنان خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىيات يادىكارلىقى، ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىرلەردە قۇللۇقتىن ئازادلىققا ئېرىشكەن ئېزوپ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىشقا باشلىغان.

«ئېزوپ مەسەللىرى» دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپلا دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

بىز ئېلىمىزنىڭ يىراق تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، «ئېزوپ مەسەللىرى»نىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

1902-، 1903-يىلدىكى بىرىنچى قېتىملىق پروسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن قوچۇ شەھەر خارابىسىدىن «ئېزوپ مەسەللىرى»نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە پارچىلىرى تېپىلغان.

دېمەك، «ئېزوپ مەسەللىرى»نىڭ 1625-يىلى خەنزۇ تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى تولۇق تەرجىمە بولماي، بېلگىيىلىك بىر كىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان 22 پارچە مەسەلدىن ئىبارەت تولۇقسىز نۇسخىسىدۇر.

ئەمەلىي پاكىتلارغا قاراپ شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئېزوپ مەسەللىرى»نى ئەڭ بۇرۇن جۇڭگو تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرغۇچىلار ئۇيغۇرلار بولغان.

## 2. پارس تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى

بىز ئېلىمىز جۇڭگونىڭ بىر پۈتۈن تارىخىغا ئەتراپلىق نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا پارس تىلىدا يېزىلغان بىر مۇنچە نادىر ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، كىتابخانلارغا تونۇشتۇرغان.

پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى «گۈلىستان» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

14-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ساراي شەھىرىدە ياشىغان، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن ئالىم ۋە ئەدىب سەيفى ساراي 1391-يىلى «گۈلىستان»نى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. سەيفى ساراي باشقا مەملىكەتتە ياشىغان ۋە بۇ تەرجىمىنى چەت ئەلدە تاماملىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ تەرجىمىدە شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ۋە باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلىۋاتقان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغانلىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمبىرىكىنى بېيىتىشتا رولى چوڭ ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمىدىغانلار بولمىسا كېرەك.

سەئىدى سارايىنىڭ «گۈلىستان» دۇنياغا كېلىپ، 100 يىلدىن كېيىن، ئۇنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشى، دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تەرجىمە تارىخىدىمۇ كاتتا خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۇ ئەسەرنىڭ دۇنيادىكى بىر مۇنچە چوڭ تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«گۈلىستان»نىڭ 1634-يىلى فرانسۇز تىلى، 1651-يىلى لاتىن تىلى، 1654-يىلى نېمىس تىلى، 1806-يىلى ئىنگلىز تىلى، 1873-يىلى ئىتالىيان تىلى ۋە تۈركىيە تۈرك تىلى، 1876-يىلى پولەك تىلى، 1882-يىلى رۇس تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى دۇنياغا كەلگەن. كېيىنچە بەزى تەرجىمە نۇسخىلار تەكرار بېسىلغان. دەسلەپكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىرغىچە بۇ كىتابنىڭ گوللاند، رومان، چېخ، ياپون، ھىندى، ئوردۇ، پۇشتۇ قاتارلىق مىللەتلەر تىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىقى مەلۇم.

دېمەك، دۇنيادىكى بىر مۇنچە چوڭ تىللارغا سېلىشتۇرغاندا، «گۈلىستان» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا خېلى قەدىمكى دەۋردە تەرجىمە قىلىنغان.

خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ھىراتتا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئەبەيدۇللا لۇتفى (1366 ـ 1465) ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى شەرەپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىنى پارسچىدىن 1425-يىلى ئۇيغۇر تىلىغا مەسنەۋى شەكلىدە تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان. مەنبەلەردە بۇ كىتابنىڭ 10 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

## «شاھنامە»نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى

«شاھنامە» ــ تاجىك-پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 ـ 1025)نىڭ تارىخىي ئېپوسى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە تارىخى، جۈملىدىن مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم ھادىسىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، «شاھنامە»نىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

«شاھنامە» قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا قەشقەر ئۇيغۇرلىرىغا تونۇش قىلىنغان، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىشتىن بۇرۇن «شاھنامە»نى پىششىق ئوقۇپ چىققان، دەپ قارىشىدۇ.

ئېنىق پاكىتلارنى كۆرسەتكەندە مۇنداق: «شاھنامە» 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىمىنى دەۋرىدىكى ئالتە شەھەر خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر خانى خوجاجاھان ئەرشى (1685 ـ 1756)نىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارس نەزمى مەتنىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىش باشلانغان. بۇ ئىش تالانتلىق ئەدىب ۋە تەرجىمان شاھ مۇھەممەد ئىسمى ئاخۇن (تەخەللۇسى شاھ ھىجران) ئىبنى خوجانىيازمەدىنغا تاپشۇرۇلغان. شاھ ھىجران زور شىجائەت بىلەن بۇ ئىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. موللا خاموشاخۇن يەركەندىنىڭ ئەسلەتمە بېرىشىچە ئاخۇن موللا شاھ ھىجران يەركەن شەھىرىدە «شاھنامە»نىڭ كۆپ قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ بولغان ۋە بۇ «تۈركىي شاھنامە» ئەترايىغا تونۇلۇپ، شۆھرەت قازىنىۋاتقان بىر چاغدا بىر مۇنچە باشباشتاق كىشىلەر تاغ ئىچىگە يېغىلىپ، بىرىنى ئۆزىگە سەردار قىلىپ، پايتەخت يەكەنگە بېسىپ كىرگەن. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلگەن. شاھ ھىجرانمۇ ئاشۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ زايە بولغان. يەنە بىر قىسمى پارچە-پارچە ھالەتتە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن.

1780-يىلىغا كەلگەندە ئەسىر مەئىدىيار ئاملىق يەنە بىر ھۆكۈمدارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن موللا خاموشاخۇن يەركەندى شاھ ھىجراننىڭ تەرجىمىلىرىنى رەتلەش ۋە كەم قىسمىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. موللا خاموشاخۇن يەركەندى شاھ ھىجران ئىشلىگەن تەرجىمىنى رەتلەپ، بىر كىتاب قىلغان. ئۆزىنىڭ تەرجىمىلىرىنى يەنە بىر كىتاب قىلغان. خاموشاخۇن ئۆز تەرجىمىسىگە كىرىشتىن بۇرۇن شاھ ھىجرانغا ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شاھ ھىجراننىڭ ئۆلۈمىنى ناھايىتى قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى «بىجەن نەۋ جۇۋان» داستانىدىن باشلاپ «ئىسكەندەرنامە»نىڭ ئاخىرىغىچە تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىدۇ. خاموشاخۇن ئۆز تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلغان بىر شېئىرىدا ئىككىنچى كىتابنىڭ تەرجىمىسى ھىجرىيە 1211-يىلى مۇھەررەم ئېينىڭ 10-كۈنى تامام بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىت مىلادى 1796 ـ 1797-يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى نەپەر تالانتلىق ئەدىبنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە «شاھنامەئى تۈركىي» ناملىق بۇ زور ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن.

دېمەك، جۇڭگو كىتابخانىلىرىغا «شاھنامە» تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان يىل 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شاھ ھىجراننىڭ تەرجىمىسى ۋە 1796 ـ 1797-يىللىرى تاماملىغان موللا خاموشاخۇن يەركەندىنىڭ تەرجىمىسى ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە ھېسابلىنىدۇ.

**ھاپىز شىرازى** (1300 ـ 1390)نىڭ ئەسەرلىرىمۇ خېلى ئىلگىرىلا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. يەركەن خانلىقى (1514 ـ 1678)نىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك ئەدىبىي تەرجىمان زەلىيخا بېگىم (1606؟ ـ ؟) [ چوڭ ئىشان ئاپپاق خوجا (1626 ـ 1692ـ يىللارغىچە ياشىغان)نىڭ ئانىسى] ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ھازىر ئۇنىڭ ئون پارچە غەزىلى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

**«چاھار دەرۋىش»** ـــ بۇ ھىندىستاندا ياشىغان تۈركىي شائىر ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى (1242 ـ 1325)نىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى خوجا ياقۇپ يەركەندى 1800ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

**«تارىخىي رەشىدى»** ـ بۇ قەشقەرلىك ھەربىي ئەمەلدار ۋە تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (1500 ـ 1551)نىڭ كەشمىردە 1541 ـ 1546ـ يىللىرى پارس تىلىدا يېزىپ چىققان ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ئەسلى شىنجاڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا بېغىشلىنىپ يېزىلغان. بۇ كىتاب كۆپ قېتىم شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. دەسلەپ، قەشقەردە ھاجى يۈسۈپ ئىبنى موللا ھوشۇر خەلپەم 1750ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ نامەلۇم بىر تەرجىمان خوتەندە 1845ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ يەنە موللا مۇھەممەد نىياز بىن ئابدۇغوپۇر ئالدىنقى ئەسىرلەردە ۋە مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1721 ـ 1849)لەر ئەرەبچىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا قايتا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

**«يۈسۈپ ـ زەلەيخا»** بۇ تاجىك ـ پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ داڭلىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇ 1755ـ يىلى «تەرجىمەئى يۈسۈپ-زەلەيخا جامى» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

**«قابۇسنامە»** ـــ 11ـ ئەسىردە ياشىغان شەمسۇلمائالى قابۇسنىڭ ئەسىرى بولۇپ، 1787ـ يىلى مۇھەممەد سىدىق رەشىدى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

**«ھېكايەتى ھۆرمۇلقا»** ـــ بۇ كىتاب 18ـ، 19ـ ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان موللا توختىنىياز بىننى موللا مۇھەممەد تۆمۈر ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

**«ئىسكەندەرنامە»** ـــ بۇ ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋىنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسىرى بولۇپ، 18ـ، 19ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

**«ئاجايىبۇل مەخلۇقات»**نى 1835ـ يىلى موللا مۇھەممەد ھەسەن مۇتەۋەللى ئاخۇنۇم ئاقسۇدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

قەشقەرلىك داڭلىق شائىر ناقىس (1840 ـ 1920) شەيخ ئىنايەتۇللا (؟ ـ 1677)نىڭ «باھاردانىش» ناملىق رومانىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا «گۈلزار بىنىش» (تىكەنسىز گۈلزار) دەپ نام بەرگەن.

**«مەلىشاھ بىلەن چاشقان»** ـــ بۇ ئۇبەيد زاكانى يازغان ئەسەر بولۇپ، 18ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان قەشقەرلىك شائىر نورۇز ئاخۇن زىيائى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «داستانى سەيفۇل مۇلۇك»، «داستان مالىك ئەجدەر»، «زەپەر نامەئى بوزۇرۇج مېھىر»، «داستانى مېھرىمان» قاتارلىق مۇئەللىپلىرى بىزگە نامەلۇم بولغان ئەسەرلەر، نامەلۇم ئۇيغۇر تەرجىمانلىرى ئەرەبچىدىن 18ـ، 19ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئاخىرىدا قىستۇرۇپ ئۆتىدىغان بىر مەسىلە بار، ئۇيغۇرلار بىلەن تاجىك ـ پارسلار قوشنا خەلقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالاقىسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ ئىككى خەلق قەدىمدىن بېرى مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقىدا بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئالاقە كۆپرەك تىلدا ئىپادىلەنگەن. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ دۆلەت تېررىتورىيىسىدە مەمۇرىي ئالاقىلەردە ئىشلىتىلىدىغان تىللار قاتارىدا تاجىك ـ پارس تىلىمۇ قوللىنىلغان. 15 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن تۈركىي كىشى ئېملاقىغا ئوخشاش بىر مۇنچە ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئەدىبلەر، ئالىملار پارس تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان، پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسى 20 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقان.

نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى پارس تىلىنى ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەندەك پىششىق ئىگىلىگەن.

## 3. «كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ تەرجىمىسى

«كەلىلە ۋە دىمنە»نىڭ ئەسلى نامى «بەشنامە» (قەدىمكى ھىندى تىلىدا «پەنجە تانتارا» دېيىلگەن، ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە «پەنجە پۈتۈك» دېيىلگەن) بولۇپ، ئۇ ھىندىستان خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسىرى. مىلادى 750ـ يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئابدۇللا ئىبىن مۇقەففا دېگەن كىشى بۇ كىتابنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ كىتاب«كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا تارقىلىپ، ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان.

ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا «بەشنامە»دىكى چۆچەكلەر بۇددا دىنىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپ، غەربىي يۇرت ئارقىلىق يېتىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ تارقىلىشى ئاز كەم 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئارىسىغىمۇ بۇددا دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن «بەشنامە»دىكى چۆچەكلەرمۇ كىرىپ كەلگەن.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە «بەشنامە» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمە پارچىلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرگە ئىسلام دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن «كەلىلە ۋە دىمنە» قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىغا تەسىر قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

قەشقەرلىك داڭلىق ئۇيغۇر تەرجىمانى موللا مۇھەممەد تۆمۈر 1717-يىلى «كەلىلە ۋە دىمنە»نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تولۇقى بىلەن، سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ نۇسخا ئاساسىدا 1985-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كىتابنى ئۇيغۇر تىلىدا قايتىدىن نەشر قىلىپ تارقاتتى.

موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ تەرجىمىسى گەرچە ئەرەبچە ياكى سانسكرىتچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما، بىز ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق شۇنى ئېيتالايمىزكى، ئېلىمىزدە «كەلىلە ۋە دىمنە» يەنى «بەشنامە»نى تولۇق تەرجىمە قىلىپ، جۇڭگو كىتابخانىلىرىغا تونۇشتۇرغان كىشى موللا مۇھەممەت تۆمۈر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەمگىكى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە تارىخىغا چوڭ ھەسسە قوشقان.

### 4. ئەرەب تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن باشلاپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئەرەب تىلى ئاساسلىق ئالاقە قورالى بولۇپ قالغان. ئەرەب تىلىدا نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەبلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردا ئەرەب تىلىغا نىسبەتەن بىر خىل قىزىقىش قوزغالغان. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ، تا 20-ئەسىرگىچە، شىنجاڭدا ئەرەب تىلى بىر خىل دىنىي ۋە ئىلمىي تىل سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. ئۇيغۇر ئۆلىما - زىيالىيلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئەرەب تىلىنى ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەندەك پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر ئاپتورلىرى ئەرەب تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بىر مۇنچە ئەسەرلەر خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ تەرجىمىچىلىك ساھەسىنى بېيىتقان.

### «قۇرئان»نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى

«قۇرئان» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى. ئۇ ئەرەب مىللىتى، ئىسلام ئەللىرىگىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

«قۇرئان» بىر خىل كلاسسىك ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش نىسبەتەن قىيىن بولغان خىزمەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ كېلىنگەن.

«قۇرئان» ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى بۇرۇنلا تەرجىمە قىلىنغان. تارىخىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىنىدىغان بولسا، «قۇرئان» 12-ئەسىردىن باشلاپلا ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان. ھازىر ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئالتە خىلى بار بولۇپ، بۇلار 12-، 16-ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ.

«قۇرئان»نىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ 12-، 13-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر- تۈركىي تىلىغا قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئىبارەت. بۇنى مۇھەممەد ئىبنى ھاجى دەۋلەتشاھ ھىجرىيە 734- (مىلادىيە 1333- 1334-) يىلى ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدە كۆچۈرۈپ چىققان. ئۇ كۆركەم ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئىلخان ئەبۇ سەئىد (1317 - 1336) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر قول يازمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تىلىنى تەكشۈرگەندە، روشەن پەرقىنىڭ بارلىقى بىلىنگەن. ئۇنىڭ بىر قىسمى 14- ئەسىردە تولۇقلىنىپ تەرجىمە قىلىنغان. دېمەك، تەرجىمانىنىڭ ئەسلى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كەم يەرلىرى ياكى يوقىلىپ كەتكەن يەرلىرىنى تولۇقلاپ تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھازىر بۇ نۇسخا تۈركىيە ئىستانبولدىكى تۈرك ۋە ئىسلام ئەسەرلىرى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قۇرئان»نىڭ قەيەردە ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت كىشىلەرگە ناھايىتى ئايان بولغاچقا، بۇ تەرجىمە نۇسخا، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئېلىمىزنىڭمۇ تەرجىمىچىلىك تارىخىدا ئېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە.

شۇنداق بولغاندا، ئېلىمىزدە «قۇرئان» ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ چىقىدۇ.

«قۇرئان»نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى 2- ۋە 3- خىل تەرجىمە نۇسخىسى 12-، 13-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، قالغان ئۈچ خىل نۇسخا 14-، 15-، 16- ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

«قۇرئان»نىڭ ئۇيغۇر- تۈركىي تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ مۇنداق كۆپ خىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ قەدىمكى دەۋردە تەكرار-تەكرار

تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## «مىڭ بىر كېچە»نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى

«مىڭ بىر كېچە» — ئەرەب خەلقلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى ئېسىل گۆھەر.

مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا «مىڭ بىر كېچە»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئېلىمىزگە ئېلىپ كىرگەن.

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ 1980-يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا تەھرىر تەرىپىدىن بېرىلگەن «نەشرىياتتىن» ناملىق سۆز بېشىدا «مىڭ بىر كېچە» كونا ئۇيغۇر تىلىغا كۆپ قېتىم تەرجىمە قىلىنغان، بۇ تەرجىمە 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاقسۇلۇق مۇھەممەد ئابدۇللا خاننىڭ كونا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ۋە باشقا تەرجىمىگە ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى، دېيىلگەن.

دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈنىدۇكى، «مىڭ بىر كېچە» بىر قانچە يۈز يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇلغان.

**«تارىخ تەبەرى» — بۇ «تارىخ - ئەل-رۇسۇل ۋە ئەل-مۇلۇك»** (پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار تارىخى) دېمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر نامى «تارىخ-ئەل - ئۇمام ۋە ئەل-مۇلۇك» (مىللەتلەر ۋە پادىشاھلار تارىخى)دىن ئىبارەت.

بۇ كىتابنى پىرسىيىنىڭ شىمالىدىكى تەبەرىستاننىڭ ئامۇل شەھىرىلىك ئەل تەبەرى (839 - 923) يەنى مۇھەممەد بىن جەرىر ئەبۇ جەئفار ئەل تەبەرى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى 912-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ تارىخىغا دائىر بايانلار سۆزلەنگەن. ئۇ ھەم تارىخ بايان قىلىنىدىغان تارىخىي ئەسەر ھەم ئەپسانە - رىۋايەت بايان قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

«تارىخ تەبەرى» ئەرەب تارىخشۇناسلىقى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىگە كاتتا شان-شەرەپ كەلتۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپلا ئالىملارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى جاي-جايلارغا تارقالغان.

«تارىخ - تەبەرى»نى ئەڭ دەسلەپ ئەبۇ-ئەلى مۇھەممەد بىن ئابد ئاللاھ ئەل ئەلقەمى (ۋاپاتى 14-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ) تاجىك-پارس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ پارسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن «ئەسىرلەرنىڭ ئەسرى» ئەھمەد پاشا (؟-1522) دەۋرىدە تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغان. 1524 -، 1531-يىللىرى تۈركىيە تۈركچىسىگە قايتا تەرجىمە قىلىنغان. 1844-يىلى نەشر قىلىنغان. 1874-يىلى تاجىك - پارسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن فرانسۇزچە تەرجىمىسى ئىشلەنگەن بولۇپ، زوتېنبېرگ تەرىپىدىن تۆت جىلد قىلىنغان.

1879-يىلى مەزكۇر كىتاب تۇنجى قېتىم ياۋروپادا بېسىلىپ چىققان. ئەمما تولۇق ئەمەس ئىدى.

ئېلىمىزدە، خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى تېخى تولۇق ئىشلەنمىگەن. پەقەت شەنزى ئەپەندى «تارىخ تەبەرى»دىكى ئىختالىتلارغا دائىر «تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىزاھات» دېگەن ماۋزۇدا «تارىخ تەبەرى»دىن بەش ئابزاس تەرجىمە قىلىپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەجمۇئەسى»دە ئېلان قىلدى.

ئېلىمىزدە «تارىخ تەبەرى»نى ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلار تەرجىمە قىلىپ، ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرغان.

قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (م 1725 - 1850) م 1795-يىللاردىن باشلاپ قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەخمىنەن 1800-يىللار ئەتراپىدا (بەزىلەر 1846-يىلى دەپ ھېسابلاشقان) ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۆت توملۇق «تارىخ تەبەرى»نى ئەرەب تىلىدىن (؟) ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەرجىمانى يۇنۇس تاجى ھېكىم بەگ بىننى ئىسكەندەر ۋاڭ سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن تەرجىمە ئەسىرىگە ئەنە شۇ ھۆكۈمدارنىڭ نامى بىلەن «تارىخىي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلار تاجنامىسى) دەپ ئات قويىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇرۇسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا «تارىخ تەبەرى»نى ئىككىنچى قېتىم پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «تەرجىمەئى تارىخ تەبەرى» دەپ نام بەرگەن. بۇ كىتابنىڭ موللا ئۇشۇر بىننى موللا مۇشتەرى بىننى موللا شەمسى تەرىپىدىن 1841-يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ بار.

دېمەك، «تارىخ تەبەرى»نىڭ خېلى ئىلگىرىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى، ئېلىمىزنىڭ تەرجىمە تارىخىدا چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

**تەھرىرى: خەمىت نېغمەت**

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

مۇتەللىپ سىدىق

| توغرا ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| ئابدۇللوھكىبل | (ئە) | ھەممىنىڭ دەۋاسىنى سورىغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابىد | (ئە) ئاۋۇت | ئىبادەت قىلغۇچى |
| ئابىدە | (ئە) ئابىدەم | ئىبادەت قىلغۇچى (ئايال) |
| ئابىددىن | (ئە) ئابىدىن، ئاۋۇدۇن | دىنغا ئىبادەت قىلغۇچى |
| ئابا | (ئۇ) ئابىم، ئابەك، ئابىق | دادا، ئاتا، ئاتام |
| ئاباخان | (ئۇ) ئابىخان، ئاباجى | خاندەك ئاتا |
| ئابىلس(ئەبىلس) | (ئە) ئابلاس | قاپىقى تۈرۈلگۈك، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن |
| ئابىھايات | (پ ئە) | ھاياتلىق سۈيى |
| ئاتا | (ئۇ) ئاتام، ئاتەك، ئاتىق | دادا، ئاتا، ئاتام |
| ئاتاخان | (ئۇ) ئاتىخان | خاندەك ئاتا |
| ئاتائۇللا | (ئە) ئاتاۋۇللا، ئاتاللا | ئاللا بەرگەن |
| ئاتىپ | (ئە) | شەپقەتچى، كۆيۈمچان |
| ئاتىكە | (ئە) ئاتىكەم، ئاتىكۈل | سېخى (ئايال) |
| ئاخۇن | (ئۇ) ئاخۇنجان، ئا ـ خۇنبەگ، ئاخۇنقارى، ئاخۇنھاجى، ئاخۇنباي | ئاخۇن ئوغلۇم ئاخۇنۇم |
| ئاخۇنزادە | (ئۇپ) | ئاخۇن بالىسى |
| ئادىل | (ئە) | ئادىل كىشى |
| ئادىلە | (ئە) | //// (ئايال) |
| ئادالەت (ئەدالەت) | (ئە) | ئادىللىق، خالىسلىق، قانۇن |
| ئارزۇ | (پ) ئارزۇگۈل | ئۈمىد، قىزغىنلىق |
| ئارىز | (ئە) | ① ھادىسە ② بۇلۇت |
| ئارمان | (پ) | ئىشتىياق، قىزغىنلىق |
| ئارىش | (ئۇ) | پاك، تازا |
| ئارىپ | (ئە) ھارىپ | تونۇغۇچى، بىلگۈچى |
| ئازاد | (پ) ئازات | ھۆر، ئەركىن |
| ئازادە | (پ) ئازادەم، ئازاتگۈل | ئەركىن، كەڭ ـ كۇشادە (ئايال) |
| ئازادنۇر | (پ ئە) ئازاتنۇر | ئازادلىق نۇرى |
| ئاسىيە | (ئە) ئاسىگۈل، ئاسخان | ① چىقىشقۇچى ② گۇناھكار ئايال |
| ئاسىم | (ئە) | گۇناھسىز، پاك ئايال |
| ئاسىمە | (ئە) ئاسىمگۈل، ئاسىمخان | گۇناھسىز، پاك ئايال |
| ئاسۇدە | (ئە) ئاسۇدەم* | خاتىرجەم، جىمجىت |

(بېشى ئۆتكەنساندا)

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملار

| ئىسىملار | مەنىسى ياكى ھازىرقى ئاتىلىشى | قىيمتۇ | ھوشيار |
|---|---|---|---|
| قوزى | ① قوزا ② سۆيۈملۈك | كەنچ (كەنج) | كەنجى، كىچىك |
| قۇنشى | قوشنا | كەنچ ئوغلان | كەنجى ئوغۇل |
| قۇت | بەخت، دۆلەت | كەنچ توغمىش | كېيىن تۇغۇلغان |
| قۇتلۇغ | قۇتلۇق، بەختلىك | كۆركلۈگ | چىرايلىق، كۆركەم |
| قۇتلۇغ تىگىن | بەختلىك شاھزادە | كۆزۈن | كۈچ-قۇۋۋەت |
| قۇتلۇغ بەگ | بەختلىك ئەر | كۆل | كۆل، دېڭىز |
| قۇتلۇغ بوغا | بوغا: ئىسمى، قۇتلۇق: سۈپىتى | كەنچ تەگرىم | شاھزادە |
| قۇتلۇغ تەگرى | بەخت بەرگۈچى تەگرى | كۆلتىگىن | ئەقلى كۆلدەك شاھزادە |
| قۇتلۇغ تەمۈر | تەمۈر: ئىسمى، قۇتلۇق: سۈپىتى | كۆۋشەك | گۈزەل، چىرايلىق، يۇمشاق |
| قۇتلۇغ تۇرمىش | بەختلىك تۇرغان | كۈچ تەمۈر | تەمۈر: ئىسمى، كۈچ(كۈچلۈك): سۈپىتى |
| قۇتلۇغ ئوغۇل | بەختلىك ئوغۇل | كۈچ تىگىن | كۈچلۈك شاھزادە |
| قۇتلۇغ بۇقا | بۇقا: ئىسمى، قۇتلۇق: سۈپىتى | كىشى | ئۇستاز |
| قۇت ئادمىش | بەخت كەلتۈرگەن | كىشى قارا | چوڭ ئۇستاز |
| قۇتلۇغ بىلگە قاغان | بەختلىك، دانىشمەن، پادىشاھ | كۈچلۈگ | كۈچلۈك، قۇدرەتلىك |
| قۇتقان | بەختلىك، بەخت تاپقان | كۈسەمىش | ئارزۇ قىلغان |
| قۇرتۇلمىش | قۇتۇلغان، يەڭگىللىگەن | كۈسەن | كۈچارنىڭ قەدىمكى نامى |
| قۇشتىر | مۇئەللىم، ئۇستاز | كۈسەنچ | ئارزۇ، تىلەك |
| قۇلان | قۇلان (ياۋا ئېشەك) | كوگەلىك | مۇقەددەس، مەشھۇر |
| قۇلۇن قارا | قارا رەڭلىك قۇلۇن | كۈلچىرە | خۇش چىراي |
| قۇغۇرسۇ | ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى | كۈل قاغان | خۇش چىراي خان |
| قۇغۇرسۇ ئالتۇن | ئالتۇن: ئىسمى، قۇغۇرسۇ: سۈپىتى | كۈل بىلگە قاغان | بىلىملىك، ماختاشقا لايىق خان |
| قاي | قەبىلە نامى | كۈمۈش تىگىن | تېنى كۈمۈشتەك ئاق شاھزادە (قۇل) |
| قۇنتۇز (قۇندۇز) | بىر خىل ھايۋان ئىسمى | كۈن | كۈن، قۇياش، شەرق |
| قۇنچۇي (خۇنچۇي) | مەلىكە | كۈنخان | كۈندەك خان |
| قىپچاق | قەبىلە نامى | كۈرشاد | قەدىمكى ئۇيغۇر شاھزادىسىنىڭ ئىسمى |
| قىرا | ئېتىز | كۈشان | قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نامى |
| قاپان | قاۋان (ھايۋان ئىسمى) | كۈن بەرمىش | كۈن بەرگەن |
| قىر چەچەك | قىردا ئۆسكەن گۈل | كۈن توغدى | كۈن چىقتى |
| قىر قىز | قىرغىز (مىللەت ئىسمى) | كۈن تەگرى | تەگرى: ئىسمى، كۈن: سۈپىتى |
| قىز، | قىز بالا، قىزچاق | كۈن سىلىگ | كۈندەك ئىللىق |
| قىنىم | جەسۇر | لاچىن | لاچىن بۈركۈت |
| قىدىر | قەيسەر، كەسكىن | (ئاخىرى كېيىنكى ساندا) | تەھرىرى: ئىدرىس بارات |

# ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تارىخىي خاتىرىلەر، مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك سەنئىتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا مەيدانغا كەلگەن.

تۇرپان مىڭئۆيدە نەپىس ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلەنگەن كىيىملەرنى كىيگەن ئادەملەرنىڭ رەسىملىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە راھىب شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت» ناملىق كىتابىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر سەنئىتىگە ئائىت بايانلار يېزىلغان. لوپ ناھىيىسىنىڭ ساپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن 1000 پارچىغا يېقىن قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل گۈل بېسىلغان پاختا رەختلەر، كەشتىلەر بار. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ 2000 يىل بۇرۇنقى خوتەن رايونىدا ياشىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئەسىرلەردىن بېرى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە، تەسۋىرىي سەنئەتتە، شۇنداقلا كەشتىچىلىكتە ئۆزىنىڭ ئېتنىك ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئەت مەنزىرىسىگە قىياس قىلىپ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ كەلگەن. خەلقىمىزنىڭ كەشتىچىلىك سەنئىتىنىڭ بىر نامايەندىسى ئادەتتىكى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىغا ھەر خىل گۈل كەشتىلەرنى چېكىشتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## كانۋا كۆڭلەك

كانۋا كۆڭلەك ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، كەشتىچىلىك سەنئىتىنى بەرپا قىلغان. ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئىچىدە كىچىكتىن تارتىپ چوڭلارغىچە ھەممىسى كانۋا كۆڭلەك كىيىشكە ئادەتلەنگەن. كانۋا كۆڭلەك بۇرۇنلا يىپەك رەخت ۋە يىپنى ئاساس قىلاتتى. بۇمۇ ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت. ھازىر كانۋا كۆڭلەك ئىككى خىل رەڭدىكى رەختنى ئاساس قىلىپ تىكىلىدۇ. بىرى خاس ئاق رەڭلىك رەخت، يەنە بىرى خاس قارا رەڭلىك رەخت. كانۋا كۆڭلەككە تىكىلىدىغان گۈل نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ئادەتتە مىش نۇسخا، كەلكۈن نۇسخا، چاچما نۇسخا قاتارلىقلار كۆپرەك تىكىلىدۇ. ئەرچە كانۋا كۆڭلەكنىڭ شەكلىمۇ ئىككى خىل بولۇپ بىرى ئۆرە ياقا، يەنە بىرى ئاچا قايرىما ياقا.

ئۆرە ياقا كانۋا كۆڭلەكنىڭ ياقىسى كىچىك ھەم ئۇستىدىن ئاستىغا تىك چۈشۈرۈلگەن. بولغاچقا گۈل نۇسخىسىمۇ ئاستىغا تىك چۈشۈرۈلىدۇ. كەلكۈن نۇسخا كەشتىلىنىدۇ، كۆڭلەكنىڭ ئالدى ئېتىلگەن بولىدۇ. تۈگمە ئورنىدا رەڭلىك يىپتىن ئۆرۈلگەن بوغۇچ ئىشلىتىلىدۇ. كۆڭلەكنىڭ يېڭى ئۇزۇن بولۇپ، يەڭ ئۇچىغا تۈگمە ئورنىتىلىدۇ، يەڭ بوغۇمىنىڭ ئۈستىگە بىلەكنى ئايلاندۇرۇپ گۈل كەشتىلىنىدۇ. بۇ خىل كەشتىنى ئاق ياكى قارا رەڭلىك رەختلەرنىڭ ھەرقايسىسىغا تىكسە بولۇۋېرىدۇ. كۆڭلەكنى كىيگۈچى قايسى رەڭنى ياخشى كۆرسە شۇ خىل رەڭلىك رەختكە كەشتىلىنىدۇ. ئۆرە ياقا كانۋا



كۆڭلەكنى ياش يىگىتلەر كۆپرەك كىيىدۇ. يەنە بىرى ئاچا قايرىما ياقىلىق كۆڭلەك. بۇ خىل كۆڭلەكنىڭ ياقىسى كەڭ ھەم ئاستىغىچە چۈشۈرۈلگەن بولغاچقا ھازىرقى كاستيۇمنىڭ ياقىسى شەكلىدە بولىدۇ. ئاچاقايرىما ياقىلىق كۆڭلەككە تىكىلىدىغان گۈل نۇسخىسى كۆڭلەكنىڭ ياقىسى بويلاپ ئەگمە ھالەتتە چۈشۈرۈلىدۇ، كۆپىنچە غىش نۇسخا ئاساس قىلىپ تىكىلىدۇ. بۇ خىل كۆڭلەكنىڭ ئالدى ئوچۇق، تۈگمە قادىلىدىغان بولغاچقا تىكىلىدىغان گۈل نۇسخىسى ياقا بويلاپ پەسكە چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن ياقىسىغا كەشتىلەنگەن گۈل نۇسخىسى بىلەن ئاستىغا چۈشۈرۈلىدىغان گۈل نۇسخىسى كۆڭلەك ياقىسىنىڭ ئاستىنقى ئاچىسى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئاچا قايرىما ياقىلىق كۆڭلەكنىڭ يېڭى قىسقا بولىدۇ، ئەمما يەڭ ئۇچىغا ئايلانما قىلىپ گۈل كەشتىلىنىدۇ. بۇ خىل كۆڭلەكنى كىچىك باللاردىن تارتىپ چوڭ ئادەملەرگىچە كىيىدۇ. ئاق رەختنى ئاساس قىلىپ تىكىلگەن كەشتىگە سۆسۈن، يېشىل، قارا، سېرىق يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. قارا رەڭلىك رەختكە تىكىلىدىغان كەشتە ئاق، قىزىل، يېشىل رەڭلىك يىپلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ياش يىگىتلەرگە ئاتاپ تىكىلگەن كانۋا كۆڭلەككە سۇس رەڭدىكى رەڭلىك يىپ كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئەرلەرگە تىكىلىدىغان كۆڭلەككە سۇس رەڭدىكى يىپ سېلىنىدۇ. كانۋا كۆڭلەككە كەشتىلىنىدىغان گۈل نۇسخىسى خاس تۆشۈكچە ساناپ تىكىلىدۇ. يەنى كەشتىچى قىزلار ئالدى بىلەن رەختتىن يىپ سۇغۇرۇپ، سۇغۇرۇلغان رەختنى كەشتىلىمەكچى بولغان رەختكە چاپلاپ ئەندىزە ھاسىل قىلىۋالىدۇ، ئاندىن يىڭنىنى تۆشۈكچىلەرنى ئاساس قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، يىپنى گىرەلەشتۈرۈپ مەلۇم بىر خىل گۈل نۇسخىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. كۆڭلەككە كەشتىلىنىدىغان پۈتۈن گۈل تىكىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن رەخت ئۈستىگە ئەندىزە قىلىپ چاپلانغان رەخت بىر-بىرلەپ سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا كەشتە چىرايلىق، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى بۇ خىل كۆڭلەكنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. قىزلار ئۆز سۆيگىنىگە كانۋا كۆڭلەك تىكىپ سوۋغا قىلىشىدۇ. ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن بۇيان كانۋا كۆڭلەكنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە نەچچە ئون خىلغا يەتتى.

### ئايالچە كانۋا كۆڭلەك

ئايالچە كانۋا كۆڭلەككە كەشتىلىنىدىغان گۈل نۇسخىسى ئەرمەنچە كانۋا كۆڭلەككە كەشتىلىنىدىغان گۈل نۇسخىسىغا ئوخشىمايدۇ. ئەرمەنچە كۆڭلەككە كەشتىلىنىدىغان گۈل نۇسخىسى ياقا ۋە ئالدى تەرىپكە تۈز قىلىپ تارتىلغان كانارا ئىچىگە تىكىلىدۇ. لېكىن ئايالچە كانۋا كۆڭلەككە بولسا كانارا تارتىلمايدۇ. كەشتىلىنىدىغان ئايالچە كۆڭلەكنىڭ شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاچا قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بىرى قىسقا كۆڭلەك.

ئاچا قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەككە كەشتىلىنىدىغان گۈل نۇسخىسى تەبىئەتتىكى گۈل نۇسخىلىرى بولۇپ، كۆڭلەك ياقىسىغا ئىككى تال تازا پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈل كەشتىلىنىدۇ. گۈلنىڭ غۇنچىسىغا قىزىل يىپ، بەرگى، يوپۇرماقلىرىغا يېشىل يىپ ئاساس قىلىپ سېلىنىدۇ. كۆڭلەكنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئايلانما قىلىپ جەمئىي ئالتە تال قىزىلگۈل شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ. ئاستىغا كەشتىلىنىدىغان گۈل نۇسخىلىرى ئوخشاشلا ياقىسىدىكى گۈل نۇسخىلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. تىكىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئەرمەنچە كانۋا كۆڭلەكنىڭ تىكىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش ئالدى بىلەن يىپ سوغۇرۇلغان ئەندىزە رەختنى كەشتىلىنىدىغان رەختكە چاپلاپ، تۆشۈكچە ساناپ تورۇپ تىكىلىدۇ. قىزىل، سۆسۈن، يېشىل رەڭلىك يىپلار ئاساس قىلىنىدۇ. كۆپرەك ئاق رەڭلىك رەختكە كەشتىلىنىدۇ. بۇ خىل كۆڭلەكنى ئوتتۇرا ياش ئاياللار كۆپرەك كىيىدۇ.

قىسقا كانۋا كۆڭلەك — بۇ شەكلى جەھەتتىن ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى ئاچا قەرىمە ئايالچە قىسقا كۆڭلەك. بۇ خىل كۆڭلەكنىڭ ئىككى ياقىسى ھەم كۆكسىگە بولۇپ جەمئىي تۆت تال قىزىل گۈل كەشتىلىنىدۇ. ياقىسىغا كەشتىلەنگەن گۈل تازا پورەكلەپ ئېچىلغان غۇنچە بولۇپ، ياقىسىغا تىكىلگىنى چوڭراق، كۆكسىگە تىكىلگىنى كىچىكرەك بولىدۇ. يەنە بىرى ئۆرە ياقىلىق ئايالچە قىسقا كۆڭلەك. بۇ كۆڭلەك ئەرمەنچە كانۋا كۆڭلەككە سەل ئوخشاپراق كېتىدۇ، كەشتىلەنگەن گۈل كانارە ئىچىگە تىكىلىدۇ، يەڭ ئۇچىغىمۇ كانارە تارتىلىپ گۈل كەشتىلىنىدۇ. بۇ خىل كۆڭلەككە كۆپىنچە غىش، كەلكۈن نۇسخا ئاساس قىلىپ تىكىلىدۇ. كانارە ئىچىدە ھېچقانداق ئاق يەر قالمايدۇ، ھەممە يەر توشقۇزۇپ گۈل تىكىلىدۇ، گۈللىرى ناھايىتى شوخ بولىدۇ. بۇ خىل كەشتە جۇشقۇنلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، قىزلار بۇ خىل كۆڭلەكنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ كىيىشىدۇ. ياقىسىز قىسقا كۆڭلەك. بۇ خىل كۆڭلەكنىڭ ياقىسى چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، كۆكسى تەرىپىگە خاس سۆسۈن يىپتا يوپۇرماقلىق شاخچىلارغا ئوخشاش بىرىم ئاي

شەكىللىك گۈل كەشتىلىنىدۇ. باشقا ھېچ يېرىگە گۈل كەشتىلەنمەيدۇ. بۇ خىل كۆڭلەكنى تىكىشتە ئەندىزە رەختمۇ چاپلانمايدۇ. پەقەت يىپنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ شاخچىلار بىر-بىرىگە ماس ئۇدۇللاشتۇرۇلىدۇ. كەشتىلەش ئۇسۇلى ئاددىي، بۇ خىل كۆڭلەكنى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان ئاياللار كۆپرەك كىيىشىدۇ.

ئايالچە كانۋا كۆڭلەك مەيلى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن كۆپىنچە ئاق رەڭلىك رەختكە تىكىلىدۇ. چۈنكى ئاق رەڭلىك رەخت يازدا قۇياش نۇرىنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە بولغاچقا ئادەمنى ئاسان تەرلەتمەيدۇ. ئەڭ ئاساسلىقى ئۇيغۇر قىزلىرى ئاق رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى ئۇ پاكلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ.

ئايالچە كانۋا كۆڭلەك بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇزۇن بولۇپ، ياقا ۋە پەشلىرىگىچە پۈتۈن ئايلانما قىلىپ گۈل كەشتىلەنگەن. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارغانسېرى يېڭىلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە شەكلى تېخىمۇ كۆپەيدى، نۇسخىلىرى يېڭىلاندى. ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشى ۋە گۈزەللىك قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## داستىخان

داستىخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇھىم تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ھەرقانداق جاي ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا داستىخان سېلىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئولتۇرۇپ ئەدەب بىلەن تائام يەيدۇ. داستىخان بۇرۇنقى زامانلاردا ئاق توقۇلۇپ ئاندىن ھەر خىل رەڭلەردىن تەڭشەلگەن بوياقتا گۈل بېسىلاتتى، بۇ ئادەتتىكى داستىخان ھېسابلىنىدۇ. كەشتە تىكىلىدىغان داستىخان مەخسۇس ئاق شايىدىن توقۇلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق بولىدۇ. بۇنداق داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ، ئىككى تەرىپىگە كىچىكرەك قىلىپ گۈل كەشتىلىنىدۇ. داستىخانغا تىكىلىدىغان گۈل نۇسخىلىرى كۆپ بولۇپ، گۈل شەكلى، چىنە-چەينەك، گۈل-گىياھ، ھايۋان، قۇش رەسىملىرىمۇ چۈشۈرۈلىدۇ. كۋادرات شەكىلدىكى داستىخانلارغا بولسا ئوتتۇرىسىغا چوڭ قىلىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلىدۇ. قايسى خىل نۇسخا چۈشۈرۈلسە شۇ خىل نۇسخىنىڭ ئەسلى رەڭگىگە ماس يىپ سېلىنىدۇ. كەشتىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن، يىپ سۇغۇرۇپ ئەندىزە چاپلاپ، يىپنى كىرەلەشتۈرۈپ تىكىش ئۇسۇلىمۇ، ئوكۇل يىڭنىسىدە چوقۇپ، تۆت چىقىرىپ تىكىش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ. تۆت چىقىرىپ تىكىش ئۇسۇلى ـ رەختنى ئىككى تال چەمبەر ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ، رەختنى تەكشىلىگەندىن كېيىن ئاندىن يىپنى ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ، چوقۇپ تىكىلىدۇ. تىكىش جەريانىدا يىپ رەختنىڭ سول يۈزى تەرىپىدە تەكشى قېپقالىدۇ. گۈل تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن قالدۇرۇلغان يىپ قايچا بىلەن تەكشى قىرقىلىدۇ. مانا بۇ تۆت چىقىرىپ تىكىش ئۇسۇلى. بۇ خىل ئۇسۇل ھەم ئاسان، ھەم سۈپىتى ياخشى، چىرايلىق بولسىمۇ لېكىن داستىخانغا نىسبەتەن بۇ خىل گۈل ئانچە كۆپ كەشتىلەنمەيدۇ. چۈنكى ئاش، تائام يۇقۇندىلىرى چاپلىشىپ قالسا ئاسان چىقمايدۇ. شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا ئادەتتىكى يىڭنە ئارقىلىق ئەندىزە قويۇپ يىپنى كىرەلەشتۈرۈپ كەشتىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. داستىخانغا كەشتىلىنىدىغان گۈل نۇسخىلىرى شەكىل جەھەتتىن كۆپ بولسىمۇ لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن توقچىلىق، مەمۇرچىلىق، باياشاتلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. داستىخان ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئىسلام ئەقىدىسىدە ئاش-تائامنى تۆكۈلۈپ، ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنى بەكمۇ يامان كۆرىدۇ. ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مەيلى ئائىلە ئەزالىرى بولسۇن ياكى مېھمان بولسۇن تائام ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ يېيىلىدۇ، تائام يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن دۇئا قىلىنىدۇ. داستىخان دائىم يۇيۇپ تۇرۇلىدۇ. داستىخان دائىم پاكىز تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تەھرىرى: خەمىت نېغمەت

# يەكەندىكى تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار

پەيزۇللا ئىساقجان



يەكەن ئۇزۇن تارىختا ئىگە قەدىمكى شەھەر بولۇپ، بۇ يەردە 20 گە يېقىن تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە مول ئاسارە-ئەتىقىلەر بار. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بولۇپ، بەزىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردۇر. بۇلار ئىچىدە يەكەن ناھىيە بازىرى ئىچىگە جايلاشقان بىر قىسىم مەشھۇر تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلار تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ياسىلىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىشلىنىلگەن ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ نەپىسلىكى جەھەتتىن ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تارىختىن بۇيانقى شان-شۆھرىتىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە ئىچكى-تاشقى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. تۆۋەندە بىز بۇ مەشھۇر يادىكارلىقلارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقايلى:

**ئالتۇن مازار:** بۇ مازارلىق «دەھمى شاھان» (ئۇيغۇرچە ئالتۇنلۇق، يەنى «پادىشاھلار قەبرىستانلىقى») دېمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مازار مىلادىنىڭ 1533-يىلى يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەپنە قىلىنىشى بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلانغان بولۇپ، بۇ جايغا سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان قاتارلىق خانلار شۇنىڭدەك سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ خانىشى، مەشھۇر مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىساخانلار دەپنە قىلىنغان. 1676-يىلدىن كېيىنكى يەكەن ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. بۇ مازارلىق 1050 كۋادرات مېتىر جاينى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەسلىدە پىششىق خىش ۋە ياغاچ پەنجىرىلەر بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان. دائىرە ئىچىگە نەقىش ۋە خەتلەر چېكىلگەن. پىششىق خىش بىلەن قەبرە قاتۇرۇلغان. ھەر بىر قەبرە بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن. بۇ مازارلىق يەكەن كونىشەھەر بىلەن يېڭى شەھەر ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

**ئامانىساخان مەقبەرىسى:** سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرى (16-ئەسىر)دە ياشاپ، تارىختا ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرغان ئۇلۇغ مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھى ئەسلىدە سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئالتۇن مازاردا ئۇنىڭ قەبرىسى يېنىدا قەد كۆتۈرگەن. ئارىدىن تۆت ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خەلقىمىز يەنە ئامانىساخاننىڭ تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ مەڭگۈلۈك بىر ئابىدە قالدۇردى. ئامانىساخاننىڭ مانا بۇ مەقبەرىسى 1992-يىلى 8-ئاينىڭ 5-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك 12 مۇقام تەتقىقات

ئىسلامىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سوۋغا سۈپىتىدە مۇقام دىيارى يەكەندە قەد كۆتۈردى.

بۇ مەقبەرە ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي تەرىپىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلار قەبرىستانلىقى ـ ئالتۇن مازار، شەرقىي جەنۇب تەرىپى ئالتۇن مەكتەپ، غەرب تەرىپى ئالتۇنلۇق يول (ئالتۇن دەرۋازا)، ئارقا تەرىپىنى ئالتۇن كۆل ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ جاي ۋە ئەتراپى پۈتۈنلەي ئەسلىدىكى ئالتۇن نامى بىلەن ئاتالغان. ئامانىساخان قەبرىسى ۋە مەقبەرە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ، قورۇلمىسى ـ يەر ئاستى قەۋىتى (شەمكۇر قىسمى)، بىرىنچى قەۋىتى ئاساسلىق قەبرە قىسمى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋەتلىرى گۈمبەزدىن ئىبارەت تۆت قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. قەبرىگاھ، مەقبەرىنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 17 مېتر كېلىدۇ. مەقبەرىنىڭ تۆۋرۈك ۋە گۈمبەزلىرى بىر گەۋدە بولۇپ، پۈتۈن ئىمارەتنى ئىنتايىن كۆركەم كۆرسىتىدۇ. دېمەك بۇ مەقبەرە چىداملىق، قەدىملىك ۋە كۆركەملىكتە مەشھۇر ئالىملىرىمىز مەھمۇت قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىدىن كېيىنكى يەنە بىر مەشھۇر ئابىدىدىن ئىبارەت. بۇ مەقبەرە يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىناكارلىق، نەققاشچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ نەپىس، كۆركەم ۋە گۈزەللىكىنى دۇنياغا تونۇتىدۇ.

**ئالتۇن مەسچىت:** بۇ مەسچىت ئالتۇنمازارنىڭ ئالدى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، مىلادى 1533ـ يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قورغۇچىسى سەئىدخان بىننى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان (سەئىدخاننىڭ ئوغلى) تەرىپىدىن ياسالغان. 1735ـيىلى خوجا ياقۇپنىڭ ئوغلى خوجا دانىيال تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان. يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ تەستىقى بىلەن يەكەن خەلقى 1988ـيىلى بۇ مەسچىتنى ئەسلى ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي ئىسلاھ قىلىپ ياساپ، ھازىرقىدەك يېڭى تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇ مەسچىتنىڭ 48 تۈۋرۈكى بولۇپ، تۈۋرۈك ئېگىزلىكى يەتتە مېتر، ئىككى تەرەپتىكى ھەيۋەتلىك ئىككى مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى ئاستىدىن ھېسابلىغاندا 25 مېتر، ئالدى، ئارقا ۋە يان تەرەپلىرىدە ئۈچ دەرۋازا بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 6000 كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ.

**ئازنە مەسچىت:** كىشىلەر بۇنى «ئۇلۇغ مەسچىت» ياكى «40 گۈمبەز» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئارىلىقى شەھەر مەركىزىگە ئىككى كىلومېتر كېلىدىغان بۇ مەسچىت يەكەنگە مىرزا ئاباباكرىخان پادىشاھ بولغان مەزگىللەردە (1470ـيىللار) ياسالغان بولۇپ، ياغاچ ئىشلەتمەي پۈتۈنلەي پىششىق خىش ھەم خام خىش بىلەن ياسالغان. بۇ مەسچىت دىئامېتىرى 2.5 مېترلىق 51 دانە كىچىك گۈمبەز، دىئامېتىرى ئالتە مېتر، ئېگىزلىكى 13 مېتر كېلىدىغان چوڭ بىر گۈمبەز بولۇپ، جەمئىي 52 گۈمبەز بىلەن ئورالغان. مەسچىت ئۈستىدىكى گۈمبەزلەر خىش تۈۋرۈكلەر بىلەن توختىتىلغاچقا، بىناكارلىق سەنئىتىدە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ مەسچىت يەكەن كونىشەھەردىكى چارسۇ مەھەللىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان.

**جامى مەسچىتى:** بۇ مەسچىت 1660ـيىللىرى ئابدۇللاخان يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقىغا پادىشاھ بولغان مەزگىلدە كېڭەيتىپ ياسىلىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. ئەسلىدە 1411ـيىللاردا بۇ جايدا جامى مەسچىتى ياسىلىشتىن ئىلگىرى كىچىكرەك بىر مەسچىت بولۇپ، شۇنىڭ ئورنىغا ياسالغان. بۇ جامى مەسچىتى يەكەن كونىشەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. جامەنىڭ شەرق ۋە شىمال تەرەپلىرىدە ئالاھىدە ياسالغان كىرىش ئىشىكى بار. جامى مەسچىتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنىڭ جەمئىي 71 تۈۋرۈكى بولۇپ، تۈنەكخانىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتقى تۈۋرۈكلىرى خىلمۇخىل گۈل ۋە نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. جامەنىڭ شەرق تەرەپ دەرۋازىسى ئىچىدىكى ئىككى ئەگمە ۋە دالىنىمۇ تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن كۆركەملەشتۈرۈلگەن. كىشىلەر دالان يېنىدىكى ئىككى ئەگمە خىش ئىشىك ئارقىلىق جامەگە كىرىشىدۇ. جامەنىڭ سەيناسىنى بويلاپ ياسالغان 40 ئېغىزدىن ئارتۇق تالىپلار يېتىپ قوپىدىغان ھۇجرا، جەنۇب تەرەپتە تالىپلارغا دەرس ئۆتۈش ھەم مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىدا پايدىلىنىلىدىغان زال بار. بۇ جامەدا بىرلا ۋاقىتتا 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. جامى مەسچىتى يەكەن كونىشەھەرگە ھۆسن بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

**خوجا مۇھەممەت شېرىپ گۈمبىزى:** خوجا مۇھەممەت شېرىپ سۇلتان ئابدۇرەشىتخان زامانىسىدا تەخمىنەن 1534ـ يىلدىن 1558ـيىللارغىچە دۆلەتنىڭ شەيخۇل ئىسلامى بولغان (يەنە بىر نامى ھەزرىتى پىر): بۇ گۈمبەزنى يۇنۇس ۋاڭ 1222ـيىللىرى (مىلادى 1807ـيىلى) قايتا ياساتقان. گۈمبەز ئىچكىرى-تاشقىرى بولۇپ ئىككى ئېغىز، يان تەرەپتە يانداش سېلىنغان. ئاق گەج بىلەن سۇۋالغان، ئىگىسى نامەلۇم بىر گۈمبەزمۇ بار. مۇھەممەت شېرىپ گۈمبىزىنىڭ تاشقىرىقى قىسمى تاملىرى ھەر خىل رەڭلەردە، خىلمۇخىل نۇسخىلاردا يېزىلغان ئايەتلەر بىلەن كۆزنى چاقناتقۇدەك ھالەتتە بېزەلگەن، گۈل نۇسخىلىرى ۋە نەقىشلەر سىزىلغان. ئىچكىرىكى ھۇجرىغا گۈللۈك

كاھىش بىلەن ئېگىزلىكى 1.60 مېتىر، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى 13 مېتىر بولغان چاسا شەكىللىك غايەت زور بىر قەبرە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ گۈمبەز (ھەزرىتى پىر گۈمبىزى) يەكەن يېڭى شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان.

**بەيسى ھاكىم گۈمبىزى:** بەيسى ھاكىمنىڭ ئەسلى ئىسمى مىرزامۇھەممەت مۇھسىنى بولۇپ، كۇچادا تۇغۇلغان. چىڭ سۇلالىسى تەربىيدىن يەكەنگە بەيسى دارىن قىلىپ بېكىتىلگەن، 45 يېشىدا يەكەندە ۋاپات بولغان. بەيسى ھاكىم گۈمبىزى ئىككى قەۋەت بولۇپ، بىر قەۋىتى يەر ئاستىدا، بىر قەۋىتى يەر ئۈستىدە، پىشىشق خىش ۋە كاھىش بىلەن ئىشلىنىپ كۆركەم قىلىپ ياسالغان. گۈمبەزنىڭ ئىچىمۇ گەچ بىلەن سۇۋۇلۇپ، ئىچى تېمىغا قۇرئان ئايەتلىرى ھۆسن خەت بىلەن يېزىلغان.

**فۇرقەت مەقبەرىسى:** زاكىرجان خالمۇھەممەت **ئوغلى فۇرقەت** 1858-يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ قوقان شەھىرىدە تۇغۇلغان. **1893-يىلى** يەكەنگە كېلىپ، ئاخىرقى 16 يىللىق ھاياتىنىڭ ئىككى **يىلىنى قەشقەردە**، 14 يىلىنى يەكەندە ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئىزچىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا بولغان تەشنالىقىنى كۈيلەيدىغان، ئىلىم-مەرىپەتنى **كۈيلەيدىغان**، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدىغان 8000 مىسرادىن ئارتۇق گۈزەل شېئىر ۋە غەزەللەرنى يازغان. يەكەندە ياشىغان مەزگىلدە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن تاشقىرى يەنە تۇۋىپلىقمۇ قىلىپ، نۇرغۇن كەمبەغەل مىسكىنلەرنى داۋالىغان.

ئۇلۇغ دېموكرات شائىر فۇرقەت ئەينى چاغدا ئۆز ۋەتىنىدە چارروسىيىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن قېچىپ، تۈركىيە، ئەرەبىستان، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق مەملىكەتلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى يەكەندە تۇرۇپ قالغان، 1909-يىلى 4-سېنتەبىر كۈنى فۇرقەت 51 يېشىدا يەكەندە ۋاپات بولغان.

. يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى 1957-يىلى فۇرقەت قەبرىسىنى ياساتتۇرۇپ، شىپاك شەكىللىك گۈمبەز ئورناتقان. بۇ گۈمبەزچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا پۈتۈنلەي **بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ**، پارتىيە ۋە خەلق **ھۆكۈمىتىنىڭ بۇزۇلغان تارىخىي ئابىدىلەرنى** قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، **1991**-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى ھەمدە يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، مەشھۇر ئۆزبېك كلاسسىك شائىر فۇرقەت مەقبەرىسى 1991-يىلى 7-ئايدا يەكەن بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىنىڭ تېرەكباغ دېگەن جايدىكى ئۆزبېكلەر قەبرىستانلىقىدا قايتىدىن قەد كۆتۈرگەن ئىدى. تامامەن مىللىي ئۇسلۇبتا، ئۆزگىچە مىللىي ۋە ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش ئۇسۇلى بىلەن زامانىۋى ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلۈپ، چىرايلىق، كۆركەم قىلىپ ياسالغان بۇ مەقبەرە ھازىر ئىچكى-تاشقى ساياھەتچىلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ قالدى.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار ئىشخانىسىدا)

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى



## دۇنيا ئالتۇن باھاسىنىڭ بېكىتىلىش ئۇسۇلى

ئالتۇننىڭ باھاسى ھازىر دۇنيادىكى ئاساسلىق ئالتۇن بازارلىرىنىڭ كۈندىلىك بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، لېكىن يەنىلا ئەنگلىيىنىڭ لوندون ھەم شۋېتسارىيىنىڭ سيۇرىخ شەھىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئالتۇن بازىرىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، لوندون ئالتۇن بازىرىنى ئاران بەشلا ئادەم كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى لوسچارد شىركىتىنىڭ «ئالتۇن زالى»غا يىغىلىپ سودىلىشىدۇ، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھاۋالە قىلغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، لوندون ئالتۇن بازىرىنىڭ باھاسىنى بېكىتىدۇ؛ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۈستىلىگە بىردىن ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى قويۇلغان بولۇپ، شىركەت بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە توغرا كېلىپ قالسا، بايراقنى كۆتۈرۈپ سودىلىشىشنى ۋاقىتنچە توختىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئالتۇن باھاسى بېكىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئالاقىلىشىش سۈنئىي ھەمرىيى ئارقىلىق دەرھال دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ. (غالىپ ھېمىت- ت)

## ئۇخلاش كىيىمى

ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى كىيىم-كېچەك تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، «ئۇخلاش كىيىمى» بۇ سۆزى كېرنسىيە ۋە ئوردۇ تىلىدا كەچلىرى ئۆيدە كىيىدىغان چوڭ ھەم كەڭ ئىشتاننى كۆرسىتىدىكەن. كېيىنچە ھىندىستاندا مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان ئەنگلىيىلىك، فرانسىيىلىك كىيىم-كېچەك لايىھىلىگۈچىلەر، بۇ خىل پاسوندىكى ئىشتاننى ئاساس قىلىپ، يەنە ئۆزگەرتىپ، ئۇخلاش كىيىمىنى بارلىققا كەلتۈردى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغا كەلگەندە ئۇخلاش كىيىمى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئومۇملاشتى.

ياۋروپالىق داڭلىق دوختۇر يىبو. ساقارنىڭ ئەسىرىدە، ئىسلام ئەللىرىدە بۇ خىل ئۇخلاش كىيىمى 9-ئەسىردىلا بارلىققا كېلىپ بولغان، ئەينى دەۋردىكى ياۋروپالىقلار ھەتتاكى ئوردىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئۇخلاش كىيىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، دەپ تونۇشتۇرۇلغان. 16- ئەسىرگە كەلگەندە ئۇخلاش كىيىمى ئىتالىيىدە ئومۇملىشىشقا باشلىدى، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئىتالىيە تۈركىيە بىلەن كۆپلىگەن سودا-سېتىق ئېغىزلىرىنى قۇرغان ئىدى.

بەزى ئالىملار، ئۇخلاش كىيىمى كرېست ئارمىيىسى شەرققە يۈرۈش قىلغاندا (مىلادى 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە) ياۋروپالىقلار ئىسلام ئەللىرىدىن ئۆگىنىپ كىرگەن دەپ قاراشماقتا.

## جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش بىلەن بولغان مۇساپىسى قانچىلىك؟

ئامېرىكا ستانفور ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ماكرېس ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋىلاشقان دۆلەتنىڭ ئون تۈرلۈك ئۆلچىمى ۋە جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالى سېلىشتۇرمىسى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

(1) ئوتتۇرىچە خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3000 ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى بولۇش. جۇڭگودا 300 ئامېرىكا دوللىرى؛ (2) دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى، خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 12 ـ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلەش. جۇڭگودا 36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ (3) ئۈچىنچى كەسىپتىن ياراتقان قىممەت، خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 45 پىرسەنتتىن يۇقىرىراقىنى ئىگىلىگەن بولۇش. جۇڭگودا 22 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ (4) غەيرىي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئومۇمىي ئىشلەۋاتقانلار سانىنىڭ 70 پىرسەنتتىن يۇقىرىراقىنى ئىگىلىگەن بولۇش. جۇڭگودا 39 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ (5) ساۋاتى بارلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولۇش. جۇڭگودا 66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ (6) ئوقۇش يېشىدىكى ياشلاردىن ئالىي تەربىيە ئالغانلار 10 ـ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولۇش. جۇڭگودا ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ (7) شەھەر-بازارلار ئاھالە سانى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولۇش. جۇڭگودا 14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ (8) ئوتتۇرىچە ھەر بىر دوختۇرنىڭ مۇلازىمەت قىلىدىغان ئادەم سانى 100 نەپەردىن تۆۋەن بولۇش. جۇڭگودا 730 نەپەر؛ (9) ئوتتۇرىچە ئۆمرى 70 ياش بولۇش. جۇڭگودا 69 ياش؛ (10) نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى بىر پىرسەنتتىن تۆۋەن بولۇش. جۇڭگودا 1.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. (تۇرسۇنجان رېھىم- ت)

## ئاجايىپ توي مۇراسىمى

كورېيىلىكلەر ئەنئەنىۋى بولغان توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئادىتىنى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بايلىقى دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بايۋەچچىلىك قىلىش، سۆلەتۋازلىققا بېرىلىش، پۇلنى پاخالدەك بۇزۇپ- چاچىدىغان راھەت -پاراغەت قوغلىشىش ئىستىلى كورېيىنىڭ «توي مۇراسىمى مەدەنىيىتى»گە ئۇسسۇپ كىرمەكتە.

بۇ بىر توي مۇراسىمى ھېسابات تىزىملىكىنىڭ نۇسخىسى: يىگىتنىڭ بىر يۈرۈش ئالىي توي كىيىمى ئۈچۈن 2 مىليون ۋون، قىزنىڭ ئالتۇن جابدۇقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن 3 مىليون ۋون، قىزنى رەڭلىك رەسىمگە تارتىش ۋە سىنئالغۇغا ئېلىش ھەققى 3 مىليون ۋون، يېڭى تويى بولغان ئەر-خوتۇنلار مېھمانلارغا سوۋغات قىلىدىغان قىزىل بولاق ھەر بىرسى 100 مىڭ ۋون، توي مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى توي زىياپىتى خىراجىتى 15 مىليون ۋون. دېمەك، توي مۇراسىمى ئۈچۈن جەمئىي 26 مىليون ۋون چىقىم قىلىنىدۇ. بۇ خىراجەت تېخى قىز مېلى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 26 مىليون ۋوننىلا ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 32 مىڭ دوللار بولىدۇ. كورېيىدە ئادەتتىكى خىزمەتچى ئايدا 800 مىڭ ۋون ئىش ھەققى ئالىدۇ، بىر قېتىم توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە بىر خىزمەتچىنىڭ ئۈچ يىلغا يېقىن ساپ كىرىمى چىقىم قىلىنىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات ھازىر بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. ياشلار بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ، تەبرىكلەش ۋە قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغان توي مۇراسىمىنى راھەت-پاراغەتكە بېرىلىش مۇسابىقىسى قىلىپ قويىۋاتىدۇ. ئازابلىنىش، زىددىيەتلىشىش، سۈركىلىش يېڭى توي قىلغان ئەر-خوتۇنلار تۇرمۇشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، يېڭى توي قىلغان ئەر-خوتۇنلار قىز مېلى ۋە تويلۇق بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش ۋە سوۋغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن قىلغان چىقىم ئۆيلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن خېلى بۇرۇنلا 40% ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ نورغۇن ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. 1992-يىل 29 مىڭ 356 نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلوسى ئىچىدە 5182 سى توي چىقىمى يەك كۆپ بولۇپ كېتىش سەۋەبىدىن سادىر بولغان.

(ئوبۇلقاسىم - ت)

## ئەلىمىز ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت سەۋىيە ئەھۋالى

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1982-يىل ۋە 1986-يىلدىن كېيىن ئېلىپ بارغان 3-قېتىملىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى چوڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ھەر خىل مەدەنىيەت سەۋىيىدىكىلەرنى پىرسەنتكە بۆلۈپ سېلىشتۇرغاندا باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 5.2 پىرسەنتنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 33.7 پىرسەنتنى، تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 23.5 پىرسەنتنى، ئوتتۇرا تېخنىك سەۋىيىسىدىكىلەر 4.3 پىرسەنتنى، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 12.3 پىرسەنتنى، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 13.9 پىرسەنتنى، ئالىي مەكتەپ، تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر 6.6 پىرسەنتنى، تەتقىقاتچى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 0.5 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن.

(تۇرسۇنجان رېھىم - ت)

## مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئامېرىكىنىڭ 6-نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى يوھان ئادامىس، بىر قېتىم ئاق سارايدىكى بودوما دەرياسىدا سۇغا چۆمۈلۈۋاتقاندا، ئاننى. رويېئېر ئىسىملىك بىر ئايال مۇخبىر ئۇنى زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادامىس قوشۇلمايدۇ، رويېئېرمۇ كەسكىنلىك بىلەن زىيارىتىمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز ھەرگىز كەتمەيمەن، دەپ قەسەم قىلىدۇ، زۇڭتۇڭ ئامالسىز ماقۇل بولىدۇ. ئادامىس بۇنداق نائىلاج زىيارەت قىلىنغۇچە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچسام بولمامدۇ، - دەپ ئويلىنىدۇ ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچىدۇ. كېيىنچە نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر بۇ ئۇسۇلنى قوللايلىق ھەم چۈشىنىشلىك ئىكەن، دەپ قارىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى خەلقئارالىق رەسمىي قائىدىگە ئايلىنىدۇ.

(قەيسەر - ت)



سوئال: مەن خېلى كۆپ بىلىم ئىگىلىگەن ئىدىم، بىراق قەلەم تەۋرىتىسەم تەھرىرلەر ئىشلەتمەيۋاتىدۇ، شۇڭا ئۆگەنگەنلىرىمنى سېتىۋېتەيمىكىن دەۋاتىمەن. سىزچە خېرىدار چىقارمۇ؟

— قەشقەر يېڭىشەھەردىن: مۇختەرجان بارات

**جاۋاب: ئەگەر بىلىمىڭىزگە چۈشلۈق بولسا خېرىدار چىقىپ قالار. چۈنكى بۇ جاھاندا بىلىملا بولىدىكەن يەردە قالمايدۇ. سىزگە بولغان تەۋسىيەم، بىلىمنى ئاددىي تاۋار قاتارىدا كۆرۈپ قالماڭ.**

سوئال: سىز، بىزدە ئەسەر سالىدىغان بىر تارازا بار دېمىسىز، ئۇ تارازا تونۇلغان ئەدىبلەرگە كۆپ ئېتىبار قىلامدۇ ياكى مۇتەۋەسسىكارلارغىمۇ؟

— يوقىرىقى ئادرېستىن: مۇختەرجان بارات

**جاۋاب: بىز تارازىمىزغا ئادەم سالمايمىز، ئەسەر سالىمىز.**

سوئال: «مىلىك مىڭغا يەتكۈچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن»، «يىپارنىڭ دوستى تولا ئەخمەقنىڭ دوستى» دېگەن بۇ ئىككى ماقال - تەمسىلنىڭ قايسىسى توغرا؟

— ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن: تۇمەرجان ھەسەن (مۇزات)

**جاۋاب: دوستخۇمار ئادەمگە ئالدىنقىسى توغرا، ئۆز خۇمار ئادەمگە كېيىنكىسى توغرا.**

سوئال: مەن بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنىدىم، لېكىن ئۇ قىز مېنى سىز بەك ئورۇقكەنسىز، دېدى. ھېچ چۈشىنەلمىدىم، ئورۇق ئادەم توي قىلسا بولمامدۇ؟

— خوتەن 7-ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىدىن: ئابلىمىت

**جاۋاب: ئەگەر ھەقىقەتەن بەك ئورۇق بولسىڭىز ئۇ قىزنىڭ يىگىتىڭىز بولۇشنى كۆرۈڭ، چۈنكى ئائىلە دېگەندە ئوتتۇن يارغىلى، سۇ توشۇغىلى، ئۇن كۆتۈرگىلى بولسىمۇ كۈچ كېرەكتە...**

سوئال: بىر نەچچە ئاغىنىلەر بىلەن دەرد-خاپىلىق ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق ۋە ئۆز دەردلىرىمىزنى تۆكۈشتۇق، پاراڭدىن قارىغاندا ھەممىيلەن دەرد- خاپىلىقتىن مۇستەسنا ئەمەسكەن. «جاھاندا دەردى يوق ئادەممۇ بارمىدۇ؟» دەپ سورىسام، بىر دوستۇم «دەردى يوق ئادەم كۆردە بار» دەپ جاۋاب بەردى. توغرىمۇ؟

— پوسكام ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدىن: ئىمىنجان ئاۋۇت

**جاۋاب: مەنغۇ كۆرگە كىرىپ باقمىدىم، بىراق ئۇ يەردىمۇ دەرد بارمىكىن دەيمەن. چۈنكى ئۇ يەرمۇ «جەننەت»، «دوزاق» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟**

سوئال: لوق گۆشكە ئۆتۈپ، سۆڭەككە ئۆتمەيدىغان پىچاقتەك بەزى جاۋاب تاپالمىغان ھەزىل سوئاللارنى ئاستىلا باسۇرۇپ قويامسىلەر قانداق؟

— نىيە ناھىيە نىيە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن: ئەنۋەر مەمتىمىن

**جاۋاب: پىچاقنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە گەپ يوق، بىراق سانى بار ساپاسى يوق نەرسىلەرگە پىچاقنى زايا قىلغىمىز يوق.**

سوئال: مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1994-يىللىق 4-سانىدىكى «قەلەم خەت قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. بۇ ژۇرنىلىڭلار تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق بىر ياخشى ئىش ئىكەن. بىراق بۇنىڭغا قەلەم ھەققى بېرىلەمدۇ؟

— چىرا ناھىيە ئۇرى يېزىدىن: مۇھەممەتجان ئالىمجان





## سەزىل سوئالغا سەزىل جاۋاب

**جاۋاب: تۇرغۇن ياخشى ئىشلىرىمىز ئىچىدىن قەلەم خەتنى «تۇنجى قېتىملىق ياخشى ئىش» دەپ ئېتىراپ قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. بىز ھەرقانداق ئەمگەكنى قەدىرلەيمىز ھەم ئۇنىڭ قىممىتىگە يېتەلەيمىز. شۇڭلاشقا قەلەم خەتكىمۇ تېگىشلىك قەلەم ھەققى بېرىمىز.**

سوئال: بىز، ئەر-خوتۇن ئىككىمىز كېلىشەلمەي ئاجرىشىپ كېتىش قارارىغا كەلدۇق. لېكىن ئارىدىكى بىر بالىنى ھېچقايسىمىز بىر-بىرىمىزگە ئۆتۈنەلمىدۇق. ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇغقانلار يەنە بىر يىلدىن كېيىن بالاڭلار ئىككى بولغاندىن كېيىن ئاجرىشىڭلار، دەپ مەسلىھەت بەردى. مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلاي دېسەم، خوتۇنۇمنىڭ قوشكېزەك تۇغۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. يولداش تەھرىر مەن قانداق قىلسام بولار؟

ــ تۇرپان شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئائىلىكلەر قورۇسىدىن: مۇرات ناسىر

**جاۋاب: ئايالىڭىزنى ئىچكىرىكى ئۆيدە ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزىڭىز تاشقىرىقى ئۆيدە يېتىڭ.**

سوئال: خەلقئارادا ئاياللار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ «شىنجاڭ ئەرلىرى ژۇرنىلى»نى نەشر قىلمايدۇ؟

ــ نىيە ناھىيە نىيە بازىرى يېڭى يول پوپوك مەھەللە كومىتېتىدىن: ياسىن ئابدۇغېنى

**جاۋاب: ئاياللاردا بار نەرسىلەر ئەرلەردىمۇ بولۇشى كېرەك دەپ تۇرۇۋالساق كېيىنچە ھەقىقەتەن باراۋەر بولۇپ قېلىپ پۇشايماندا قالارمىزمىكىن. شۇڭلاشقا ئەر كىشى بولغاندىكىن قورساقنى كەڭرەك تۇتۇپ يۈرۈۋەرمەيلىمۇ.**

سوئال: مەن ھەر قېتىم ئاياغ ئالغاندا ئوڭ پۇتۇمغا ئۇيدان كەلگەن ئاياغ سول پۇتۇمغا ئوبدان كەلمەيدۇ، ئاياغ ئىشلىگەندە ئوڭ پۇتنىڭكىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن سول پۇتنىڭكىنى ئىشلىگەندە ئازراق خۇرۇم كەملەپ قالامدۇ-قانداق؟

ــ خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندىن: ئەخمەتنىياز جۇمە

**جاۋاب: خۇرۇم كەم ئەمەس ئەقىل كەم، ئادەتتە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىككى پۇتى ئوخشاش چوڭ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئاياغ ئالغاندا چوڭراق پۇتقا ئۆلچەپ ئالىمىز.**

سوئال: ھازىر ھەممە تاۋارلارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى (جۈملىدىن ژۇرناللارنىڭمۇ) ئەگەر ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ باھاسى ئۆرلىسە خېرىدارلىرىڭلارنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەمسىلەر؟

ــ قاغىلىق ناھىيە شاقاپ يېزىسىدىن مەجىت ئىسلام

**جاۋاب: مۇشۇ كۈندە ئالتۇننىڭ باھاسى ئۆرلىگەنسېرى خېرىدارى جىقلاپ كېتىۋاتىدۇ. بىزمۇ شۇنداق بولارمىز دەپ ئويلايمەن. سىزنىڭچە قانداق بولار؟**

سوئال: تەھرىر ئەپەندىم، مەن ھەر سەھەر چەكسىز ئالەمنىڭ گۈزەل قامىتىگە ھەۋەسلىنىپ قارىغىنىمدا، بۇ كىچىككىنە زېمىننىڭ ئېگىراۋاتقان پىغانلىق ساداسىنى ئاڭلاپ قالىمەن ھەم بۇ كىچىككىنە زېمىننىڭ شۇنچە كۆپ ئادەملەرنى بېقىپ كېتەلىگەنلىكىگە قاراپ ئىچ-ئىچىمدىن ھەيران قالىمەن، سىزنىڭچە، مېنىڭ بۇنچە ھەيرانلىقىم چۈمۈشۇم ئەجەبلىنەرلىكمۇ؟

ــ خوتەن دارىلمۇئەللىمىن ئەكتىپىدىن: ئابلىز مەمتىمىن

**جاۋاب: قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بولمىسا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى نەدىن كېلەتتى.**





### سۇ بەك قىزىقكەن

قىزى: ئانا، تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە مەن سىزگە سوۋغا قىلغان قۇشنى قانداق قىلدىڭىز؟

ئاپىسى: تېخى بەك ياخشى ئىكەن.

قىزى: ئابلا، ئۇ دېگەن يەتتە خىل تىلدا سۆزلىيەلەيدىغان جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ تۇتىقۇشى ئىدى، ئۇ، ئۆلۈش ئالدىدا بىرەر گەپ قىلدىمۇ؟

ئاپىسى: ئۇ، پەقەت سۇ بەك قىزىقكەنلا دېيەلىدى.

### مال دوختۇرغا كۆرۈنۈش

— دوختۇر، سىز بىلەمسىز، مەن خوراز چىللىشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرىمەن، كالىدەك ئىشلەيمەن، بۆرىدەك تاماق يەيمەن، سۇغۇردەك ئۇخلايمەن، ئەمما يېقىندا ئۆزۈمنى بىتاپ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن.

دوختۇر: سىز ئەڭ ياخشىسى مال دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ بېقىڭ.

### قول قويدۇرۇش

بالىسى: دادا، سىز ئىككى كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىسمىڭىزنى يازالامسىز؟

دادىسى: ئەلۋەتتە، بۇنىڭ نېمىسى تەس.

بالىسى: ئۇنداق بولسا سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ نەتىجە دەپتىرىمگە قول قويۇپ بېرىڭ.

### ئەركەك چىشىنى پەرق ئېتىش

— مەن بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە چىۋىندىن ئوننى ئۆلتۈردۈم، بۇنىڭ ئىچىدە تۆتى ئەركەك، ئالتىسى چىشى ئىكەن.

— مېنى گوللىماڭ! سەن ئۇلارنىڭ ئەركەك-چىشىلىقىنى قانداق پەرق ئەتكەنىدىڭ؟

— بۇنىڭ نېمە تەس يېرى بار، ھاراق رومكىسىدىن تۇتۇۋالغانلىرىم ئەركەك، ئەينەك ئۈستىدىن تۇتۇۋالغانلىرىم چىشى بولامدۇ.

### تېز ئىنكاس

دىرېكتور: سىزنىڭ ئىپادىڭىز ناھايىتى ياخشى، شۇڭا سىزنى كانادادىكى شىركىتىمىزگە مۇئاۋىن دىرېكتور قىلىپ ئۆستۈردۇق.

خىزمەتچى: ئۆستۈرگىنىڭىزگە رەھمەت، ئەمما مەن بارالمايمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە، كانادالىق ئاياللار پاھىشە ئايال بولمىسىلا چوقۇم كالتەك توپ ئويناپ تۇرىدىغانلار.

دىرېكتور: ... مېنىڭ ئايالىم كانادالىق.

خىزمەتچى: بۇ راستمۇ؟ ئۇ قايسى كالتەك توپ ئەترىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

### ھەربىيلەر ئائىلىسى

جېكنى ھەقىقىي ھەربىي دېيىشكە بولاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ قويۇق ھەربىي تۈسنى ئالغان ئىدى.

بىر كۈنى بىر دوستى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ھەمدە ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان «ئاشخانا»، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان «مەجلىسخانا»، ئوغلىنىڭ ئۆيىدىكى «ئەر ئەسكەرلەر ياتىقى»، قىزىنىڭ ئۆيىدىكى «ئايال ئەسكەرلەر ياتىقى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىلارنى كۆرۈپتۇ.

دوستى كۆڭلىدە، ئەر-ئاياللىك ياتاق ئۆيىگە چوقۇم «قوماندانلىق شتابى» دېگەن تاختا ئېسىقلىق دەپ پەرەز قىلىپ، بېرىپ كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. چۈنكى ئۇ يەرگە «يېڭى ئەسكەرلەرنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى» دېگەن تاختا ئېسىقلىق ئىدى.

### تاشقى مۇناسىۋەت

ئوغلى: تاشقى مۇناسىۋەت دېگەن نېمە؟

دادىسى: مۇناسىۋىتى بولمىغان مۇناسىۋەت تاشقى مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ.

### خۇدانى زىيارەت قىلىش

بىر مۇخبىر گېزىتخانىغا كان ھادىسىسى توغرىلىق تېلېگراممىا ئەۋەتىپتۇ. تېلېگراممىنىڭ بېشى مۇنداق يېزىلغان ئىدى: خۇدايىم بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ، كۆز يېشى قىلدى.

تەھرىر دەرھال تېلېگراممىا قايتۇرۇپ: كان بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، دەرھال بېرىپ خۇدايىمنى زىيارەت قىلىڭ، — دەپتۇ.

### پايدىسىز مەبلەغ

بىر ئىقتىسادشۇناس ئوقۇغۇچىسىدىن:

— پايدىسىز مەبلەغ دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزىڭىز سىگىلىسىڭىزگە ئالتۇن ئېلىپ بېرىش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوقۇغۇچى.



كۈلكە خۇرجۇنى

# كۈلكە خۇرۇچلىرى





## ھايۋاناتلار پادىشاھى

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلاردىن:

— ساۋاقداشلار، ھايۋاناتلارنىڭ پادىشاھى كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. يوھان دەرھال ھايۋانلار باغچىسىنىڭ باشلىقى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ھەۋەس قىلىش

دىرېكتور: ئېيتقىنا يوھان، كۆپچىلىك دائىم مەن توغرىلىق مۇنازىرىلىشەمدۇ؟

يوھان: شۇنداق.

دىرېكتور: راستمۇ، ئۇلار مېنىڭ مەنسىپىمگە ھەۋەس قىلامدىكەن ياكى قابىلىيىتىمگىمۇ؟

يوھان: ھېچقايسىسىغا.

دىرېكتور: ئۇنداقتا ئۇلار مېنىڭ نېمەمگە ھەۋەس قىلىدىكەن؟

يوھان: ئايال كاتىپىڭىزغا.

## قايتۇرۇپ سوراش

بىر ياش ئايال يول بويىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان كىچىك بالىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئاھاڭىدا:

— سىنىڭ تاماكا چېكىدىغىنىڭنى داداڭ بىلەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، كىچىك بالا دەرھال قايتۇرۇپ:

— ئېرىڭىز سىزنىڭ يېرىم يولدا ناتونۇش بىر ئەرگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمدۇ، — دەپ سوراپتۇ.

## كىتاب ۋە كىتاب جاھازىسى

— جېنىم، بۇ كىتاب جاھازاڭ بەك چىرايلىقكەن، ئەپسۇسلىنارلىقى بىرمۇ كىتاب تىزىلماپتۇ.

— شۇنداق مېنىڭ ئەسلى نۇرغۇن كىتابلىرىم بار ئىدى، ئەمما بۇ كىتاب جاھازىسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەممىنى سېتىۋەتتىم.

## خەۋەر دېگەن نېمە؟

بىرسى مۇخبىردىن خەۋەر دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

مۇخبىر جاۋابەن:

— ئىت ئادەمنى چىشلىۋالسا، بۇ خەۋەر ھېسابلانمايدۇ، ئەگەر ئادەم ئىتنى چىشلىۋالسا بۇ خەۋەر ھېسابلىنىدۇ، — دەپتۇ.

## ئەلاڭ چولاك [illegible]

— [illegible] ئەڭ چوڭ [illegible]

— كۆز قاپىقى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— كۆزنى يۇمسىڭىزلا ئۇ [illegible] بىر شارنى يېپىۋالىدۇ.

## ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ يىراق

بىرسى پەيلاسوپتىن:

— نېمە نەرسە ئەڭ يېقىن؟ [illegible]

پەيلاسوپ: ئۆلۈم.

ئۇ يەنە: نېمە نەرسە ئەڭ يىراق؟ [illegible]

پەيلاسوپ: ئۈمىد.

## قول تۇتۇشۇش

— توي مۇراسىمىدا، يىگىت بىلەن قىز [illegible] بىر-بىرسىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشىدۇ.

— بۇ دېگەن بىر خىل ئادەت، خۇددى [illegible] جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن قول [illegible] ئىش.

(قەيسەر ئەركىن [illegible])

## بۆيرۈك

ئەسكەر: باشلىق، دۈشمەننىڭ [illegible] سۈرەتكە تارتىۋالدۇ.

ئوفىتسېر: بىلدىم، بۆيرۈك [illegible] كۈلمەڭلار.

## گۇمان

بىر بوۋاي ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا يېزىلىق پوپ دۇئا — تىلاۋەت [illegible] ئوقۇپ مېڭىپتۇ. پوپ ئۆلگۈچىنىڭ [illegible] ياخشى ئىشلىرىنى سۆزلەپ: ئۇ [illegible] ھۆرمەتكە سازاۋەر، مېھرىبان ئاتا [illegible] كىشى ئىدى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان [illegible] پىچىرلاپ: بېرىپ قاراپ [illegible] سېنىڭ داداڭمۇ ئەمەسمۇ [illegible] دەپتۇ.

([illegible])



## ئەنسىرلەر

**سەۋر - تاقەت قىلىش = غوّم ساقلاش**
**ئەپۇ قىلىش = قورساقنى كەڭ تۇتۇش**

بىر ئۆيىنىڭ تېمىغا «سەۋر-تاقەت قىلىش ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقتۇر» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكا ئېسىلغانلىقىنى كۆردۈم.

روشەنكى، بۇ قەدىمكىلەردىن قالغان نەسىھەت.

مېنىڭ قارىشىمچە، سەۋر-تاقەت قىلىش بىلەن ئەپۇ قىلىشنى سېلىشتۇرغاندا، زامانىمىزدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەپۇ قىلىشقا تېخىمۇ مۇھتاج. كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىشقا، كىشىلەرنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇش مەدەنىيىتى سەۋر-تاقەت قىلىش مەدەنىيىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاقىلانە، تېخىمۇ ئۇچۇق-يورۇق جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى ھېسابلىنىدۇ.

سەۋر-تاقەت قىلىش بىلەن ئەپۇ قىلىش گەرچە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر خىل يول قويۇش ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ:

سەۋر-تاقەت قىلىش كۆپ ھاللاردا قورساقتا غوّم ساقلاش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، پۇرسەت تاپسىلا، غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈرۈپ، خەقتىن دەردىنى ئېلىۋېلىش كويىدا بولىدۇ؛ ئەپۇ قىلىش كۆپ ھاللاردا قورساقنى كەڭ تۇتۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، باشقىلارنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىنى ياكى ياخشى نىيەت بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ ياكى كۆلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

يولداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، يەنىلا ئەپۇ قىلىش – ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقتۇر.

## كىم ئەڭ چوڭ

كۆك ئاسمان كەڭ زېمىنغا نەزەر تاشلاپ دېدى:

«مەن ئەڭ ئېگىز!»

كەڭ زېمىن پۈتكۈل كائىناتقا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ دېدى:

«مەن ئەڭ كەڭ!»

دېڭىز-ئوكيان پۈتكۈل كائىناتقا تىكىلىپ قاراپ دېدى:

«مەن ئەڭ چوڭقۇر!»

تەگرى يۈي خۇاڭ① ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

«ئاسمان - زېمىن مېنىڭ ئۆلكەمدە، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكى بارچە ئىشلار، پۈتكۈل كائىنات مېنىڭ ئۆلكەمدە، ھېچكىمنىڭ ھوقۇقى مېنىڭ ھوقۇقۇمدىن چوڭ ئەمەس!»

ئاسماندىكى، زېمىندىكى بارچە جىسىملار ۋە جانلىقلار سۈكۈتكە چۆكۈپ، خىيالغا پاتتى.

«سىلەر مەيلى قانچە ئېگىز بولۇڭلار، قانچە كەڭ بولۇڭلار، قانچە چوڭقۇر بولۇڭلار، ھوقۇقۇڭلار ھەر قانچە چوڭ بولسۇن، ھەممىڭلار ماڭا بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك، مەن بولمىسام، ئاسمان - زېمىن ۋە دېڭىز-ئوكيانلاردا يوشۇرۇنغان

قىممەتلىك بايلىقلار ۋە ھەقىقەتلەر بايقالمايدۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالغا باسالمايدۇ، ھەقىقەت سەپسەتىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، سەپسەتە ھەقىقەتنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋېلىشى مۇمكىن، ئۇ ھالدا سىلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدە بەخت يارىتالمايسىلەر، سىلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان ئاپەتلىرىڭلارمۇ كونترول قىلىنمايدۇ! تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، جەمئىيەتتىكى ئادەملەر يەنىلا بۇرۇنقىدەك خام گۆش يېيىشى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېپىنىشى مۇمكىن؟»

داۋلى گەپ باشلىۋىدى، ئاسمان- زېمىن ۋە دېڭىز-ئوكيان ھاڭۋېقىپ قالدى، بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە، لام-جىم دېيەلمىدى.

تەگرى يۈي خۇاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز-ئۆزىگە دېدى:

«داۋلىنىڭ سۆزى ھەقىقەتەن راست، مېنىڭ ھوقۇقۇم ھەرقانچە چوڭ بولغىنى بىلەن، يەنىلا داۋلى (يوللۇق) سۆزلىشىم كېرەك-تە!»

---

① تەگرى يۈي خۇاڭ: «داۋ جياۋ دىنى چوقۇنىدىغان، مەرتىۋىسى ئەڭ ئۇلۇغ، ھوقۇقى ئەڭ چوڭ ئاسمان ئىلاھى» — ت

## تېپىلىش ۋە ئۆرلەش

ئىنساننىڭ ھاياتىدا، ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك ھەرىكەت بولۇشى مۇمكىن، بىرى تېپىلىش، يەنە بىرى ئۆرلەشتىن ئىبارەت.

قارىماققا، تېپىلىش ئاساندەك، ئۆرلەش تەستەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. تېپىلىپ ماڭغان ئادەملەر تېزلا چارچايدۇ، شۇڭا ئومۇمەن بالدۇرلا كىشىلىك ھاياتنىڭ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بىر ئادەمنىڭ 80 ياشقىچە تېپىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.

بىراق، ئادەم 90 ياشقا كىرگىچە ئۆرلىيەلەيدۇ، بەلكى قارىماققا ئۇ يەنىلا روھلۇق، تېتىك كۆرۈنىدۇ.

## ياۋا توڭگۇز پەلسەپىسى

قەھرىتان سوغۇق بولغان قىش كۈنلىرىدە، بىر توپ ياۋا توڭگۇز بىر يەرگە قىستىلىشىپ ئىسسىنىشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى تىكەن ئۇلارنى بىر-بىرىدىن يىراقلىشىشقا مەجبۇر قىلدى؛ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجى ئۇلارنى يەنە بىر يەرگە توپلىشىشقا مەجبۇر قىلدى، تىكەن ئازابى يەنە ئۇلارنى ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشۇنداق بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىش ئارقىلىق، ئۇلار ئاخىرى ئۆزئارا ئارىلىق ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇقتىسىنى تېپىپ چىقتى — يەنى، ئەڭ يېنىك ئاغرىق ئاستىدا ئەڭ چوڭ ئىسسىقلىققا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

ئىنسانلار ئارىسىدا، بىكارچىلىق ۋە زېرىكىش كىشىلەرنى بىر-بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، لېكىن كىشىنى بىزار قىلىدىغان خۇيلار ۋە چىداش تەس بولغان كەمچىلىكلەر يەنە ئۇلارنى بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇردى...... ئاخىرى كىشىلەرمۇ ئەڭ ياخشى ئارىلىقنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزئارا ئەدەب-قائىدە بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان بولدى.

(يۇقىرىقى ئۈچ نەسىرنى ئىدرىس بارات تەييارلىغان)




مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۇەن دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدا بىر قاتار يوليورۇقلارنى بەردى، ھەرقايسى تارماقلار ۋە جايلارمۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى تۈزدى. لېكىن، بەزى جايلاردا يەنىلا ...

(تەھرىردىن)

دېھقان بىز ئەڭ كۆپى نوپۇس سانىنىڭ،
دېھقان بىز خوجىسى زېمىن ئانىنىڭ،
دېھقان بىز ئىگىسى ھوسۇل كانىنىڭ،
كېپىلى ھەر كىمنىڭ ئۇزۇق ـ نانىنىڭ،
جاپاكەش ھەغداسى جاھان ـ «پانى»نىڭ.

قەدىمى قەۋم بىز كەسىپ زاتىدا،
ئەجرىمىز ھەر گۈلنىڭ قات- قاتىدا،
«نان-ئىمان» ـــ ئۇلۇغلۇق ئېتىقادىدا،
ئۇلۇغ بىز بىلگەنىنىڭ ئىلتىپاتىدا،
بەرىكىتى ھاياتلىق خانۇ ـ مانىنىڭ.

ئالدىدا شۈكلاشقا ھۆرمەت رېتىمىز،
كېزىتىنىڭ نەرىگە باقماڭ ئېتىمىز،
غۇربەتتە بولسىمۇ پاراغىتىمىز،
تەسەللىي، چاۋاكتىن مىنگەن ئېتىمىز،
ئەمەلدە قۇلى بىز جەرىمانىنىڭ.

بارغانچە ئىگىلىپ تۆۋەنگە باشلار،
چاناققا سىغمىغاچ ھەسرەتلىك ياشلار،
يۇرەكنى خۇن قىلغاچ «بۇلاش-تالاش»لار،
ئامالسىز دادلىنىپ، ئاھ، زاماندىشلار،
ئىشكنى چەكتۇق ئەل مېھرىبانىنىڭ:

ـ دېھقانىنىڭ دەۋرانىغا كۆڭۈل كىرى يوق،
شۈكمۇ سۆزى راست، يالغان يېرى يوق،
ئەجرىنىڭ يا «ئۆسۈم» ياكى «دىرى» يوق،
ئۇ بوزەك، باش-كۆزىنى سىلار بىرى يوق،
ھال كۈنى يۈگىدەك يازغى شانىنىڭ①

جاق تويدى دېھقان خەق يالغان ساناقتىن،
يىلىېرى «ئاشقان» يوق بۇغداي، قوناقتىن،
توختىماي «ئېشىش»تا ھوسۇل قېناقتىن②
«ئاشقانىنى سات!» زۇلمى قىلدى ئاۋاقتىن،
قاچانمۇ سىرتىمىقى بوشار تانىنىڭ؟

ئېتىزلار «توننا»لىق ـ توننا ئاش چىقسا،
قوناق ھەم بۇغداي ھەم ئازراق ماش چىقسا،
ھېسابچى غوجاملار بىزدىن شاش چىقسا،

راست سانغا «قاش» چىقسا، كۆزدىن ياش چىقسا،
يۈرەككە يەتتىغۇ ئۇچى پانىنىڭ! ③

پاختىمۇ تېرىندۇق، ھالىمىزغا ۋاي،
كىرمىدۇق ئېتىزدىن يەتتە، سەككىز ئاي،
ئۇتىدۇق ــ سۇلىدۇق... بولارمىز دەپ باي،
«ئاق ئالتۇن» سەمرىتتى خەقنى، بىز گاداي
ۋەھىمىدە قالدۇق «قەرز» ئاتلىق كانىنىڭ ④

پىلەنىڭ داۋرىڭى بىر زۇلۇم بولدى،
قۇرت بېقىپ دەردىمىز مىڭ تۇلۇم بولدى،
كىرىمىدىن چىقىم جىق، داد، ئۆلۈم بولدى،
ھېچكىشى دېمەس «نەق ئۇن پۇلۇم بولدى»،
مال-مۈلكى تۈلىمدە ھەر ئۆي-خانىنىڭ.

ئۆي-ئۆيگە تېگىلدى توختاملىق پىلە،
نە پىلە، بىز ئېشەك، ئۇ بولدى مۇلە ⑤
بىر تال قۇرت ئۆلسە دەر «جەرىمانە تۆلە!»
بۇ قانداق ئادالەت، بۇ قانداق ھىيلە؟
بۇ تەھقىق ئەمرى كەنت خاندانىنىڭ!

ئۇ «مەبلەغ بەر!» دەيدۇ يۇپۇغ، دورىغا...
بۇ كېلىپ «پۇل!» دەيدۇ تېۋەك، بورىغا...
قىستىسا ھەممىسى تارچۇق، ئورىغا،
ناخشىنى ئوقۇيمىز كىمنىڭ خورىغا؟
تېگىدە قالدى تەن چاقا-دانىنىڭ! ⑥

پىلانلىق تېرىنمنى قىلمايمىز دېدى،
خاس ئاشلىق تېرىساڭ تىللايمىز دېدى،
بازارغا يۈزلەنسەڭ قوللايمىز دېدى،
يۈزلىنىپ «ئۆيدىن كۆچ ــ قوغلايمىز!...» دېدى...
ئۆزىلا بوپقالدۇق مۇردا ــ ھانىنىڭ ⑦

بىز مانا مۇشۇنداق بىچارە بەندە،
سالىدۇ «خارەت» لەر توختىماي «رەندە»،
يانچۇق بوش، تاغار بوش، كىيىم جۇل جەندە،
بىزگە كىم باشپاناھ، كىملەر پەيۋەندە،
پېرىمى قالدىغۇ دېھقان جانىنىڭ!؟

بېلىمىز مەركەزنىڭ قوللىشى باشقا،
يەرلىكنىڭ دېھقاننى گوللىشى باشقا،
ئىش باشقا، دوكلاتتا يوللىشى باشقا،
سۇنامدۇ چىننى تاشلىسا تاشقا،
شوتىدا ئۆلەمدۇ ئېتى چانىنىڭ؟

ئەمەلگە ئاشسا تېز زامان ۋەدىسى،
يوقالسا سېلىقنىڭ ھارام پەتىسى،
دېھقاننىڭ كاپالەت تاپسا ئەتىسى،
ئاھ، نىچۈن تولا بۇ «دۇتار پەدىسى»
ئۆگېيى بولمىسا دېھقان «پانى» نىڭ؟؟؟...

1994-يىل 18-ئاۋغۇست، خوتەن

تەھرىرى: ئىدرىس بارات

① شانا (شانۇ) ــ كېلىم توقۇلىدىغان يوغان يىپ.

② قېناق ــ مۆلچەر، مەلۇم چەك.

③ پانا ــ ئۇچلاپ ياسالغان مەخسۇس ياغاچ. ئۇ ئۆتۈك قېلىپلىرى ئارىسىغا قېقىلىدۇ.

④ قوي-چارۋىلاردا بولىدىغان چاپلاشقاق پارازىت.

⑤ مۇلە ــ ئېشەك ئۈستىگە توقۇلىدىغان ئۇچۇلۇق.

⑥ دانا ــ يۈزگە چىقىدىغان دانىخورەكنىڭ يەنە بىر خىل تەلەپپۇزى.

⑦ ھانا ــ بەدەننىڭ ئىگىلىپ قالغان، بىر تېرە، بىر سۆڭەك ھالىتى.

# 1994ـ يىللىق مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى


ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى ۋە ئۇنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى ئىشلەيلى ........ خۇجىنتاۋ (1.4)
مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى ... .......................... ئىسمائىل ئەھمەد (2.4)
ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتلاممۇقاتلام تۇتۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى .............. چېن خۇاڭ (3.8)
ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى .......... جياڭ جيافۇ (3,14)
مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە ...................... لى جىنيۇ (3.16)
بازارغا ماسلىشىپ، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ........................... چۇمن جىجۇ (4.4)
باھاردىكى خۇش خەۋەر: مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە ............. جياڭ لىڭ (4.21)
يايلاققا باھار كەلگەندە .............. ۋۇشىمىن (5.4)
ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرەيلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى ............ (5.15)
دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش چېن خۇاڭ ژۇرنىلىمىز مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى ........................................ (5.10)


## مىللەتلەر مۇنبىرى


مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي ئىختىساسلىق خادىملار بولۇشى لازىم ...... ئىدرىس بارات (1.12)
شارائىت يارىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرايلى ........... ۋاڭ ليەنفاڭ (1.14)
غەربىي جۇڭگو يەنىلا سىياسەتكە مۇھتاج .................................................. رېن چىڭبىن (1.17)
ئېچىۋېتىلگەن مىللەت ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە....... ........................ دولقۇنجان تۇرسۇننىياز (1.33)
غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدا ..... جۇڭ ۋېن (2.23)
بازار ئىگىلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا ........................ ۋېي دىيىڭ (2.29)
1993ـ يىل: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تېز راۋاجلانغان بىر يىل ..................... ............. ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى: يى شى (2.31)
ئىسمائىل ئەھمەد بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە توختالدى ... جېڭ چيەن (3.4)
مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك......... ........................................ فاڭ خېچۈن (4.19)
ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەيلى............ ................................. جاڭ دىڭلۇڭ (4.11)


## ئىقتىساد رۇجىكى


بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى .......... جاڭ دېجياڭ (2.18)
گېرمانىيىنىڭ 2ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى ئىجادىيىتى — ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى............ ............................... ئادىل خالىق (5.42)


## مىللەتلەر قانۇنچىلىقى


شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى ... (2.12)
مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى ... (2.15)


## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار


تاجىكلار ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى.... .......................... ئاتىكەم زەمىرى (1.26)
تۇزۇ مىللىتى ۋە خۇجىۇ تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ... (2.36)........................................
زاڭزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى ... (3.21) ..........................................
ئۆزبېك مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى ... ................................ قادىر ئەكبەر (4.25)
خۇيزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى ... ........ ئابدۇكېرىم راخمان، ئۆمەرجان توختى (5.21)
ئىستىقباللىق زېمىن ـ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى (5.28) ...........................................
جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم ئوبلاست ـ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى .................... (5.30)
قەدىمكى يىپەك يولىدىكى گۆھەر زېمىن — سانجى خۇيزۇ

ئاپتونوم ئوبلاستى ............................ (5.32)

مول تەبىئىي بايلىق مەنبەسىگە ئىگە پىشىل مەرۋايىت ــ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ....................(5.34)

پامىر ئېگىزلىكىدىكى مەرۋايىت ــ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ............................ (5.36)

**شەخسلەر**

ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى تەجەللىگە ئائىت ئىككى - ئۈچ ئىش .............. قاۋۇل ساۋۇر (1.20)

**مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت**

دۇڭگۇزۇلارنىڭ قاش تېرىش ئادىتى ..................... (1.11)

كوچا خەلق مەشرىپى ......... نىياز مەخمۇت (1.31)

گۇلخۇمار كولاخمالىق ... مۇھەممەتتوختى ئەخمەت (1.43)

ئۇيغۇرلاردا «قۇش باخشى» .............................. ئابدۇكېرىم راخمان (2.44)

هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى ........................ ئابدۇللا سۇلايمان (2.46)

قارلىق ئويۇنى ۋە «قارلىقنامە» ھەققىدە.......... ........................ مەمتىمىن ئابدۇللا (2.50)

ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئىسلام دىنى قائىدىلىرى بىلەن بولغان پەرقى ۋە باغلىنىشى ........................ ........................ ئابدۇۋەلى ھامۇت (3.33)

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ... مۇتەللىپ سىدىق (3.37)

دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى .................. ........................ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (3.48)

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ..................... ........................ ئابدۇكېرىم راخمان (4.32)

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ... مۇتەللىپ سىدىق (4.40)

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ... مۇتەللىپ سىدىق (5.40)

**مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ**

پەسلىشىپ كېتىۋاتقان تەبىئىتىمىزنىڭ بىر قانچە پاكىتلىرى ........................ ئەختەم ئۆمەر (4.34)

تەمەخورلۇقتىن قۇتۇلايلى .......... ئەختەم ئۆمەر (5.38)

مەن سىلەرنى تاللىدىم ........ ئۆمەرجان ھەسەن (5.56)

**مىللەت خەزىنىسى**

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى» .............. ........................ ئەركىن قۇتلۇق (1.39)

قاشتېشى بۇيۇملىرى ...... مەخمۇت ھېيت (1.50)

خەلق ناخشىسى «خۇار» ...... خەمىت نىمەت (1.53)

قاغىلىقتىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى، «تاغ پەدىسى» ۋە ئېتىز ناخشىلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش .......... ........................ قاۋۇل ساۋۇر (2.38)

مانجۇلارنىڭ قەغەز قىيمىچىلىقى ............. (2.53)

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ........................ ئىمىنجان ئەخمىدى (2.42)

تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى - جىگدە يىلمى .......... ........................ نۇرنىساخان (2.49)

مىس كۆركۆ ......... مەخمۇت ھېيت (2.52)

يەرلىك ئىچىملىك ــ مۇسەللەس .................. ........................ يۇسۇپجان ئىمىن (2.58)

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ... ئىمىنجان ئەخمىدى (3.40)

چورۇق ............... ئەخمەتجان مەتقۇربان (3.42)

مېھماندارچىلىققا ئائىت ئەقەللىي ساۋاتلار ........ ........................ ئابدۇزاھىر (3.43)

شىنجاڭنىڭ ئۈزۈمچىلىك تارىخى.......... ........................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (3.45)

تېرىكە ئېلىپ داۋالاش ... ئەمەتباقى مەتنىزەر (3.56)

زۇڭلاڭ مازار ........... ئابدۇلئەزىز مامۇت (4.45)

شىنجاڭدا توغراق ۋە توغراق نامى بىلەن ئاتالغان جايلار ........................ مەخمۇت ھېيت (5.44)

پىيىق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى .............. ........................ مەتقاسىم ئوسمان (5.54)

**دۇنيا مىللەتلىرى**

فرانسۇزلارنىڭ «ئېغىز مەدەنىيىتى» ........... (1.36)

ۋېنگرىيىلىكلەرنىڭ ئەسلى يۇرتى شەرقتە.......... ........................ ئەركىن (1.48)

يوپكا كىيىدىغان ئەرلەر .................... (1.32)

دۇنيا ئانتروپولوگلىرىنىڭ تەتقىقاتلىك يىغىنى ... (3.52)

ئىندىئانلار ۋە ئات ........................ (3.54)

يىگىتلەر سېتىلىدىغان غەلىتە بازار ........... (3.36)

ئەرەبلەر ۋە ئەرەب تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى......... ........................ ئابدۇللا مۇھەممەتئېلى (4.34)

**تەرمىلەر**

دۆلەت خىزمەتچىسى تۈزۈمى ................. (1.46)

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى .............................. (1.46)

تاشقى پىرېۋوت ۋە چەت ئەل پۇلى .......... (1.46)
يەر شارىدىكى غەلىتە ئىشلار .......... (1.47)
ئاۋاز چىقىرالايدىغان ژۇرنال .......... (1.47)
ئامېرىكىدىكى كارخانىچىلارنىڭ سىرى .......... (2.54)
بەش ئەزانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سالامەتلىك .......... (2.54)
ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان فامىلىلەر .......... (2.55)
بۇرۇن ۋە سالامەتلىك .......... (2.55)
يەتتە چوڭ ئىقتىسادىي رايون .......... (2.55)
جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بىر كۈنى .......... (2.55)
دۇنيادىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى ... (2.59)
دۆلەت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟ .......... (2.34)
جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟ .......... (2.34)
پارلامېنت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟ .......... (2.17)
ئىچكى كابىنېت تۈزۈمى دېگەن نېمە؟ .......... (2.17)
ئىستېمال بېجى دېگەن نېمە؟ .......... (3.13)
ئىستېمال بېجىنى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگۈچىلەر قايسىلار .......... (3.13)
قوشۇلما قىممەت بېجى دېگەن نېمە؟ .......... (3.47)
تۇنجى قېتىم پاي چېكى سېتىۋالغاندا .......... (4.46)
3 ـ كەسپىنىڭ كېلىپ چىقىشى .......... (4.46)
«تاماق يېدىڭىزمۇ»نىڭ كېلىپ چىقىشى .......... (4.46)
كىشىلەرنى جەلپ قىلاي دېسىڭىز .......... (4.47)
مەملىكىتىمىزدىكى ئالتە قەدىمكى پايتەخت .......... (4.47)
«تاگلىقلار كوچىسى» .......... (4.47)
ئاز سانلىق مىللەتلەر گېزىتىدىن .......... (5.46)
مياۋزۇ قىزلىرىنىڭ كۈمۈش كىيىمى .......... (5.46)
مەملىكىتىمىز ھاللىق نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن .......... (5.46)
ئاسىيادىكى مىللەتلەر .......... (5.47)
دۇنيادىكى ئون چوڭ گېزىت .......... (5.47)
بۇ بەلگىلەرنى بىلەمسىز .......... (5.47)
ھىلال ئاي ۋە يېشىل رەڭ .......... ئۆمەرجان (5.52)

## ھېكمەت دۇنياسى

جاۋانمەردلىك ھەققىدە ... شەمسۇلما ئالىي قابۇس (1.56)
ھېكمەتلەر .......... (2.35-57)
ھېكمەتلەر .......... (4.20)
دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىقنىڭ خىسلىتى .......... ئەلشىر نەۋائى (5.27)
ھېكمەت دۇنياسى .......... (5.55)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

يۇمۇرلار .......... (1.54)
ھەجۋىي رەسىملەر .......... (1.63)
يۇمۇرلار .......... (2.60)
ھەجۋىي رەسىملەر .......... (2.63)
يۇمۇرلار .......... (3.59-58)
قىسقا دوكلات (ھەجۋىي رەسىم) .......... (3.63)
جۇڭگو ۋە چەت ئەل يۇمۇرلىرى .......... (4.50-51)
جۇڭگو ۋە چەت ئەل يۇمۇرلىرى .......... (5.51-50)

## مۇشتىرىلاردىن خەت

بىز «ھەممىدىن ياخشىسى» ـ سىلەرنى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تاللىدۇق.......... .......... روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇرېھىم زۇنۇن، نۇرمۇھەممەت توختى (3.60)
«ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ماۋزۇلۇق شېئىر توغرىسىدا ... .......... ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا (3.61)
گۈلدەستىگە بىر نەزەر ... ئابدۇرېھىم زۇنۇن (4.60)
مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ھەققىي مۇسۇلمانچە بولۇشى كېرەك .......... ئىمىن قارى ئابدۇرېھىم (4.63)

## گۈلدەستە

ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم (شېئىر) ... روزى سايىت (1.58)
رەڭدار خىياللار (نەسر) ... ھوشۇر ئىبراھىم (1.38)
ياشلىرىم تۇۋشىدىكى سادا (نەسر) .......... تۇرسۇننىياز توختى (1.62)
جەننەتنىڭ ئېلانى (مىكرو ھېكايە) .......... (1.62)
چۇقان (شېئىر) .......... روزى سايىت (2.62)
يانىدۇ گۈلخان يۈرەكلەر تەكتىدە (شېئىر) .......... مۇھەممەت شاۋۇدۇن (2.62)
ئۆرتەنگەن قەلبلەر (ئەدەبىي ئاخبارات) .......... مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم (4.52)
قىرتاق جاكارلار (ئەدەبىي پارچىلار) .......... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (4.57)
مىللەتلەر باراۋەر جۇڭگو ئېلىدە (شېئىر) .......... روزى سايىت (4.62)
نەسرلەر ... ئابدۇراخمانجان ئابدۇكېرىم (4.62)
قىرتاق جاكارلار (ئەدەبىي پارچىلار) .......... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (5.57)
نەسرلەر .......... ئەخمەت ئىمىن (5.61)
شۇ ھاراقنى ... (شېئىر) ... ئىدرىس بارات (5.62)

# ئىتتىپاقلىق - كۈچ (مەسەل)

بىر دېھقان ئائىلىسىدە ھەمىشە جېدەل بولۇپ تۇرار-
دىكەن، بۇ جېدەللەرنى سۆز بىلەن تۈگىتىشكە ئورۇنۇپ كۆر-
گەن بولسىمۇ ئۈنۈم بولماپتۇ. ئۇ ئۇلارنى ئەمەلىي مىساللار
ئارقىلىق ئاسانراق قايىل قىلغىلى بولامدىكىن دەپ ئويلاپ ئو-
غۇللىرىنى چاقىرىپتۇ ۋە ئۇلارنى بىر ۋۆدە چوقىنى باغلاپ
بىر-بىرلەپ سۇندۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايىس-
سى سۇندۇرالماپتۇ. ئاندىن ئۇنى يېشىپ ھەربىرىگە بىرتال-
دىن تۇتقۇزۇپ سۇندۇرۇشنى بۇيرۇپتىكەن ئاسانلا سۇندۇ-
رۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇلارغا: «بالىلىرىم، سىلەر ئۇ-
يۇشقان بولساڭلار، ھەرقانداق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرا-
لايسىلەر، ئەگەر جېدەل چىقارساڭلار ۋە چېچىلىپ كەتسەڭ-
لار پارچىلىنىپ كېتىسىلەر» دەپتۇ.

— ئىزوپ

خەتتىنى يازغۇچى: ئەركىنجان مۇھەممەت

# 1994年第六期要目


## ●新疆维吾尔自治区成立四十周年专版

四十周年大庆的主旋律是为民办实事……

新疆维吾尔自治区主席阿不来提·阿布都热西提采访记……本刊记者伊德里斯

## ●民族论坛

金鉴谈民族工作……

团结进步，共同繁荣……肉孜·伊布拉音

少数民族地区开展专业技术教育的战略作用……穆汗莫德·吐尔逊

## ●法制建设

《自治法》的由来……

谈谈民族区域自治法的修改……

## ●民族与自治地方

鄂伦春族和鄂伦春自治旗……哈米提

## ●说说我的民族

珍重自己……艾合塔木·吾马尔

## ●民族宝库

维吾尔人为中国文学翻译史所做出的贡献……艾来提江·欧斯曼

维吾尔绣花艺术……麦提吐尔逊·艾山

莎车名胜故迹简介……湃祖拉·伊沙克江

## ●民族与风俗

维吾尔人名之意……木塔里甫·斯迪克

## ●花坛

散文四则……伊德里斯编译

农民在哭泣（诗一首）……肉孜·莎依提

## ●画页

封面：欢庆……成卫东摄

封二、三：体贴关怀……

中心彩页：蒙古族少女服饰组画……赵志生作

彩背一：丹不尔……金捷中作

彩背二：维吾尔书法……

封四：金秋……巴义尔摄



民族团结

（维吾尔文）

●主编

伊德里斯·巴拉提

●副主编

艾克巴尔·艾力

●责任编辑

哈米提·尼格买提

●出版

中国民族团结杂志社

●编辑

民族团结杂志社维编部

●地址

新疆乌鲁木齐市友好南路22号

邮政编码：830000

●印刷

新疆日报社印刷厂

●发行

乌鲁木齐市邮局

●订阅

全国各地邮局

●国外总发行

中国国际图书贸易总公司

国外代号BM178U

●全国统一刊号

CN11——1557

●邮政发行代号

58——117



سەمىمىي غەمخورلۇق





ئالتۇن كۆز    باير فوتوسى

《民族团结》维吾尔文版 «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
定价：1.30元
باھاسى 1.30 يۈەن